ياسىنجان سادىق چوغلان



2

ئادالەت ھامىيسى

# سەئىدخان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

رەسمىنى ئىشلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 2

1.دەۋرنىڭ ئەركىسى —— چىڭگىزخان

2.ئادالەت ھامىيسى —— سەئىدخان

3.سەلتەنەت ساھىبى —— ئەكبەر

4.شېھىتلەر گۈلىستانى —— يەتتە قىزلىرىم

5.كۆيلەر شاھى —— قۇددۇس غوجامياروف

ISBN 7-228-08009-2

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

ئادالەت ھامىيسى سەئىدخان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

2

ISBN7 - 228 - 08009 - 2
套价:30.00元

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 2

2

ياسىنجان سادىق چوغلان

ئادالەت ھامىيسى

# سەئىدخان

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

赛义德汗/亚森江著. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社,
2003.5
(历史人物故事丛书. 第2辑)
ISBN 7-228-08009-2

Ⅰ. 赛… Ⅱ. 亚… Ⅲ. 故事一中国一当代一维吾
尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第035686号

责任编辑:祖来哈·艾则孜
责任校对:阿达来提·马合苏提
封面设计:穆拉丁·阿比迪

历史人物故事丛书 第2辑
(2)
真理之主—**赛义德汗** (维吾尔文)

亚森江·萨迪克 著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
787×1029 毫米 32开本 4.375印张
2003年5月第1版 2003年5月第1次印刷
印数:1—5000册
www.uyghurweb.net

ISBN 7-228-08009-2 套价(1—5):30.00元
(单价:6.00元)

## — 1 —

مىلادىيە 1485 ـ يىلى كۈز .

تېخى ئەمدىلا زاۋال چۈشكەن بولسىمۇ ، ياركەنت شەھىرىنىڭ ئاۋات ، قىستا ـ قىستاڭ كوچا ـ رەستىلىرى بوشاپ چۆلدەرەپ قالغانىدى . چوڭ دۇكانلاردىن تارتىپ ئۇششاق يايمىكەشلەرگىچە بولغان تۈرلۈك تىجارەتچىلەر ، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر ئالدىراپ دۇكان ـ يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدىراپ قالارغىدۇر غايىب بولۇشقانىدى . ئالدىراش كېتىشىپ بارغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكۈنچىلەرنىڭ جىددىي تۇس ئالغان چىرايلىرىدىن ، ئەتراپقا ئەنسىز نەزەر تاشلاۋاتقان كۆزلىرىدىن ئالەمچە بىر ۋەھىمە ئەكس ئېتەتتى . شەھەر شۇنچىلىك تىمتاسلىققا چۆمگەنىدىكى ، خۇددى تىلىقىپ كەتكەن بوۋاققا ئوخشاپ قالغانىدى . شەھەر ئاھالىسى ئىشىك ـ دېرىزە ، پەنجىرە ـ تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم تاقىۋېلىشقانىدى . شەھەر بىر پەستىنلا تۇن پەردىسىگە ئورالدى . ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىغان يۇلتۇزلار گويا شەھەرنى باسقان ۋەھىمىدىن سوكۇتكە چۆمگەندەك ئاسماندا سۇس جىمىرلايتتى . ئالتۇنلۇق ، چىلتەنلىرىم مازارلىرىمۇ تىمتاس . ئۇ يەردىن ھەر كۈنى كەچ كىرىش بىلەنلا ئاڭلىنىدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھۇ ـ ھۇلىرى بۇگۈن پۈتۈنلەي ئۆچكەنىدى . خانىقا ، تۈنەكخانىلاردىن كۆتۈرۈلىدىغان جەررە ـ ساما سادالىرىمۇ

ئاڭلانمايتتى.

پەقەت ئوردا سىپىلىنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇللار كۈندىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاۋۇپ قالغانىدى. ئۇلار نەيزە - قىلىچلىرىنى مەھكەم تۇتقىنىچە سىپىل ئۈستىدە بۇتتەك قېتىپ تۇرۇشاتتى، سۇرلۇك، جىددىي ئەلپازىدىن ھازىرلا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغاندەك. ئوردىنىڭ يوغان، سۇرلۇك دەرۋازىسىمۇ مەھكەم تاقالغان، خۇددى مەڭگۈ ئېچىلمايدىغاندەك. ئوردىنىڭ ئىچىنىمۇ خۇددى شەھەرگە ئوخشاش ئېغىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى. مەھرەملەر، غۇلاملار، كېنىزەكلەر، خىزمەتكارلار ئاللىقانداق بىر ۋەھىمىدىن چىرايلىرى تاتارغان، تىرىققىدە قىلغان بىر شەپىدىنمۇ خۇددى توشقاندەك چۆچۈپ قارىشاتتى، خۇددى باشلىرىغا ئەجەل قىلىچى گاچچىدە كېلىپ چۈشىدىغاندەك.

ھەيۋەتلىك شاھنىشىنىڭ تام - تورۇسلىرىدىكى نەچچە ئونلىغان كۈمۈش شامدانلاردىكى يۈزلىگەن شاملار تولۇق يورۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىگە تولىمۇ گۇڭگا، گىرىمسەن تۇيغۇ بېرەتتى. تۆر تەرەپتىكى مەر مەردىن ياسالغان توققۇز پايىلىك شاھ سۇپىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن قۇببىلىق تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇغداي ئۆڭ چىرايىنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. ئادەتتە تەختتە ئولتۇرغاندا تولىمۇ ھەيۋەتلىك، بەستلىك كۆرۈنىدىغان سۇلتان بۈگۈن خۇددى تۈگۈلۈپ قالغاندەك، بوي - بەستى كىچىكلەپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىچكى تۇيغۇسىنى يوشۇرۇش، خان - سۇلتانلارغا خاس سالاپىتىنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇۋالغان، ئۆزىگە كۈندىكىدەك سۇرلۇك تۈس بېرىشكە تىرىشقان بولسىمۇ،

ئەمما چىرايىدىكى ۋەھىمە، خاتىرجەمسىزلىكىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى. شاھ سۇپىسىنىڭ تۆۋىدىن شاھنىشىنىنىڭ ئىشىكىگىچە ئوڭ - سول تەرەپكە ئىككى قاتار قىلىپ تىزىلغان كۇرسىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بوش. تەختنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قول باغلاپ تۇرۇشقا، 10 نەچچە ئەمىر ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي ئۆرە تۇرۇشماقتا ئىدى.

سۇلتان ئەھمەدخان تاقەتسىزلىك بىلەن ئاۋۋال ئەمىرلىرىگە، ئاندىن بوش تۇرغان كۇرسىلارغا نەزەر تاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىدىغۇسىز بىر خورلۇق، ئاچچىق ئەلەم چىرمىۋالغانىدى. شۇنداق، خان - سۇلتانلارنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغىنى نەدە بار؟ ئەزەلدىن ئەمىر - بەگلەر شاھنىشىنغا يىغىلىپ، خاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشاتتى ئەمەسمۇ؟ مانا ئۇنىڭ ئەمىر - بەگلىرىنى ئوردىغا كېگەشكە چاقىرىپ پەرمان چۈشۈرگىنىگە بىر ئاش پىشىم، شاھنىشىنغا قوبۇلغا كىرىپ ئەمىر - بەگلىرىنى ساقلاپ ئولتۇرغىنىغا بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى. شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ يۈرىكى پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئازابلىناتتى. ئۇ مىرزا ئابابەكرىگە زىيادە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن، ياركەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى نەزەر مىرزىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىغانلىقىدىن، ھېچقانداق ئېھتىيات تەدبىرى كۆرمەيلا شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان يەيتتى. شۇنچىۋالا قەدرىنى قىلىپ، ئەتىۋارلاپ، ئوردىدا مۇھىم مەنسەپلەردە قويغان بىر قىسىم

ئەمىرلىرىنىڭ يۈزسىزلىك، تۇزكورلۇق قىلغانلىقىدىن، قارانىيەت مىرزا ئابابەكرىگە سېتىلىپ كەتكەنلىكىدىن ئۆكۈنەتتى. سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلانغان مىرزا ئابابەكرى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن خانلىق سەلتەنەتنى تارتىۋېلىش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ، ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ياركەنت شەھىرىنىڭ ھاكىمى، قوشۇمچە ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئەمىرى نەزەر مىرزىنى يوشۇرۇن قەتل قىلىپ لەشكىري ھوقۇقنى تارتىۋالغان، شەھەر ۋە ئوردا سېپىلىغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك سەركەردە - لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

بۈگۈن پېشىن ۋاقتى بىلەن شىكاردىن قايتىپ كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخان بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ سەزگۈلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ساداقەتمەن ئەمىرى نەزەر مىرزىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقىنى بىلگىنىدە ۋۇجۇدىغا ۋەھىمە ئولاشتى. خەلقنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىدىن، تېخى تولۇق ئىگىلەشكە ئۈلگۈرمىگەن ھاكىمىيىتىنى تۇتۇپ تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن مىرزا ئابابەكرى سۇلتان ئەھمەدخانغا قول سېلىشقا پېتىنالماي، سەركەردىلىرىگە پەرمان بېرىپ سۇلتانىنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە يول قويغانىدى. شۇ تاپتا لەشكىري ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالغان سۇلتان ئەھمەدخان بارلىق ئوردا ئەمىرلىرىنى جىددىي كېڭەشكە چاقىرىپ شاھنىشىندا كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك ئۇنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىرى كېڭەشكە كەلمەيۋاتاتتى. نەزەر مىرزىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ياركەنت شەھىرىنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك

مۇھاپىزەتچى قوشۇنى مىرزا ئابابەكرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىدە ھازىر پەقەت مىڭ نەپەرگە يېقىن ئوردا ياساۋۇللىرى ۋە 500 نەپەر خاس نۆكىرىلا قالغانىدى. بۇنچىلىك لەشكەر بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ نەچچە تۈمەن كىشىلىك لەشكىرىگە تەڭ كېلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تاپتا ئوردا قاتمۇقات مۇھاسىرىدە ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئىشنى چىرايلىقچە ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوردىغا باستۇرۇپ كىرمىگەنىدى.

كۆز ئالدىدىكى خەۋپلىك ۋەزىيەتنى تولۇق مۆلچەرلەپ بولغان سۇلتان ئەھمەدخان شۇ تاپتا ئەمىرلىرىنىڭ ئىككى كەلىمە ئاقىل مەسلىھەتىگىلا موھتاج بولۇپ قالغانىدى. ئەمما مىرزا ئابابەكرىنىڭ قوينىغا ئاللىقاچان ئۆزىنى ئېتىشقان كۆپ قىسىم ئەمىرلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىسىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا پەرمانغا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ، خاننىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىرىشتىن باش تارتقانىدى.

شاھنىشىنغا پايپاسلاپ كىرىپ كەلگەن ئوردا ئىشىك ئاغىسىنى كۆرۈش بىلەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ خىياللىرى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئوردا ئىشىك ئاغىسى شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ قول باغلىدى:

— ئاھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي. بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەر پەرمانچىنى قەسىرلىرىنىڭ دەۋازىسىدىن كىرگۈزمەپتۇ. يەنە بىر قىسىم ئەمىر ـ بەگلەر بىتاپ بولۇپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئوردىغا كىرىشتىن باش تارتىپتۇ.

— ھۇ نائەھلى تۇزكورلار!

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، لەۋلىرى

تىترىدى .

شاھنىشىن ئىچىنى يەنە سۈر باستى . ئەمىرلەر نەپەسلىرى بوغۇلغان ھالدا قول باغلاپ تۇرۇشاتتى . ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىتتىن بېرى قىمىر قىلماي ئۆرە تۇرۇشقان بۇ ئەمىرلەرنىڭ پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ ، بەللىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۇدەك تېلىپ كەتكەنىدى . سۇلتان ئەھمەدخان ئاچچىقىنى زورىغا بېسىۋېلىپ ئالدىدىكى ساداقەتمەن ئەمىرلىرىگە قايتىدىن نەزەر تاشلىدى ـ دە ، ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئىجازەت بەردى :

— ئەمىرلەرگە ئىجازەت .

— ئانھەزرىتىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا !

ئەمىرلەر كۇرسىلارغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ، ئەركىن نەپەس ئېلىشتى .

— ئەسلىدە ئوردىدا بىر توپ ساتقىن ، تۇزكور نائەھلىلەرنى باققان ئىكەنمەن ، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئاچچىقلىنىپ ، — خەيرىيەت ، جازاسىنى ياراتقان ئاللا ئىگەمگە تاپشۇردۇم . قېنى ئېيتىڭلارچۇ ئەمىرلىرىم ، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك ؟

شۇ ھامان ئەلى سەردار دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ، قول باغلاپ خانغا ئېھتىرام بىلدۈردى . ئۇ خاننىڭ 500 خاس نۆكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ ، سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئىشەنچلىك ، جاسارەتلىك ، باھادىر سىپاھلىرىدىن ئىدى . ئۇ خان بىلەن بىللە شىكارغا چىققانلىقىدىن ، خاننى شىكارغا چىقىشتىن توسىمىغانلىقىدىن پۇشايمان يەپ بوغۇلۇپ ئولتۇراتتى .

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى ، ئەمدى بىزگە تاڭ

ئاتقۇچە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرماقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر. بۈگۈن كېچىنى ساق ـ سالامەت تاڭغا ئۇلىشالساقلا، تاڭلا سەھەردە مۇناپىق ئەمىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاسىي لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغايمىز.

— بۇنداق قىلساق زىيادە قاراملىق بولۇپ قالماسمۇ سەردار؟ — دېدى ئولتۇرغان ئەمىرلەرنىڭ ئارىسىدىن ياش بىر ئەمىر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇ كىشى مىرزا دىۋاننىڭ ئەمىرى ئايازبېك قۇشچى ئىدى. قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ تەڭ كامالەتكە يەتكەن بۇ يىگىت تېخى ئەمدىلا 20 ـ 22 ياشلارغا كىرگەن بولسىمۇ، زاماننىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شائىرلىرىدىن سانىلاتتى. ئەزەلدىنلا ئىلىم ـ مەرىپەتكە خۇشتار سۇلتان ئەھمەدخان ئايازبېك قۇشچىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. قەيەرگە بارمىسۇن بىللە ئېلىۋېلىپ ھەمسۆھبەت بولاتتى. شۇ سەۋەبلىك ئايازبېك قۇشچىمۇ بۇ قېتىم خان بىلەن بىللە شىكارغا چىققانىدى.

— قانداق دەيلا، ئەمىر جانابلىرى؟ — سورىدى ئەلى سەردار ئېھتىرام بىلەن.

— مۆھتىرەم سەردارىمىزنىڭ جەڭبازلىق ۋە لەشكىرىي ماھارىتى ھەققىدە تەڭداشسىزدۇر. ئەمما شۇنى ئەسلىرىدىن چىقارمىسىلاكى، ئوردا سىرتىدا مۇناپىق ئەمىر مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئىككى تۈمەندىن ئارتۇق سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئوردىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرماقتا. پېقىر بۇ گەپلەر بىلەن سەركەردىنىڭ جاسارىتىنى كەمسۇندۇرمەكچى ئەمەسمەن. ئەلۋەتتە بەتنىيەت ياۋ بىلەن تىغمۇتىغ جەڭ قىلىش ھەممىمىزنىڭ باش تارتىپ

بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر . ئەمما ، خان ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىمۇ ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر . ئىلكىمىزدىكى بار ـ يوق بىر يېرىم مىڭ لەشكەر بىلەن بۇ مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بەسى مۇشكۇلدۇر .

— ئۇغۇ شۇنداق ، — دېدى ئەلى سەردار تەن بەرگۈسى كەلمەي ، — ئەمما ئەمىر جانابلىرى شۇنىمۇ نەزەرلىرىدىن ساقىت قىلمىغايلىكى ، ياركەنت شەھىرىدە خان ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز ھىممەت ـ شەپقىتىگە نائىل بولغان نەچچە تۈمەنلىگەن ئاۋام ـ رەئىيەت باردۇر . ئەتە ئاسىي لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلساقلا ئاۋام خان ئالىيلىرىنىڭ ئوردىغا قاپسىلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ ـ دە ، ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ ھەمدەمدە بولىدۇ . بىز ئىچىدىن ، ئاۋام ـ رەئىيەت تېشىدىن ماسلىشىدىغانلا بولساق ، ئۇل ئاسىيلار ئۇستىدىن چوقۇم نۇسرەتكە يۈزلىنىمىز .

— ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ خان ئالىيلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىغا پېقىرنىڭمۇ ئىشەنچى كامىل . ئەمما ، ئاددىي ئاۋامنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جەڭبازلىق ماھارىتىدىن زىنھار خەۋىرى يوقتۇر . ئۇزۇن مەزگىل لەشكىرىي ماھارەت بىلەن تەربىيىلەنگەن خان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئاددىي ئاۋام بىر توپ قوي پادىسىلا خالاس . ئۇلار بوغۇزلىنىش ئالدىدا تىپىرلاشتىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ ، ۋاللاھۇ ئالەم . بىھۇدە قان تۆكۈلۈش بەدىلىگە ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي بارماق چىشلەپ قالۇرمىزمىكىن دەپ ۋايىم يەيمەن ، — ئەمىر ئايازبېك قۇشچى ئەمدى سۇلتان ئەھمەدخانغا يۈزلىنىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، — خان ـ سۇلتانلار ئۈچۈن ئاۋامنىڭ ئامانلىقىنى ، ئاسايىشلىقىنى

كۆزلەش ، بىھۇدە ئۆلۈم ـ يېتىمدىن ساقلىنىش ئەڭ كاتتا پەزىلەتتۇر . ئى خان ئالىيلىرى ، ئۇبدانراق ئويلىنىپ ھۆكۈم چىقارغايلا .

سۇلتان ئەھمەدخان بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن زۇۋانغا كەلدى :

— سىلىچە قانداق قىلماق كېرەك ئەمىر ؟

— مۇناپىق ئەمىر مىرزا ئاتابەكرىنىڭ ئالىيلىرىنى ئوردىغا كىرىشكە يول قويغىنىدىن ھەمدە ھازىرغىچە ئوردىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ باشقىچە ئىش تەۋرەتمىگىنىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ ئانھەزرىتىمگە شۇ چاغقىچە زەرەر يەتكۈزۈشكە پېتىنالماسلىقىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇكى ، شەرقىي ۋە غەربىي موغۇلىستاننىڭ خاقانى بولمىش ئۇلۇغ پەدەر بۇزرۇكلىرى سۇلتان يۇنۇسخان ئالىيلىرىدىن تەپ تارتقان گەپ . شۇڭلاشقا ، ھازىرغىچە ئەل ـ رەئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە ئاسايىشلىقى ، خان ئاغىچىلار ، شاھزادە ، مەلىكىلەرنىڭ ئامانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ۋاقتىنچە ئاقسۇغا كەتكىنىمىز تۈزۈك . ئاقسۇغا ساق ـ سالامەت بېرىۋالساقلا ، بىر مەزگىلدىن كېيىن پەدەر بۇزرۇكلىرى خاقان يۇنۇسخان ئالىيلىرىنىڭ ھەمدەمچى سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن قايتىدىن ئول مۇناپىقنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ ، تارتقۇزۇپ قويغان سەلتەنەتنى قايتۇرۇپ ئالغايمىز .

ئەلى سەردار يەنە گەپ قىلماقچى بولۇۋېدى ، سۇلتان ئەھمەدخان قولىنى سىلكىپ ئۇنى سۆزلىگىلى قويمىدى . بىر پەس سۈكۈتتىن كېيىن خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ يارلىق چۈشۈردى .

— پەرمان ، دەرھال تەييارلىق كۆرۈلگەي . ئەتە

ئەتىگەن بامداتتىن كېيىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىمىز . جانابىي ئەمىرلەردىن مەن بىلەن بىللە ئاقسۇغا كېتىشنى خالايدىغانلار دەرهال هازىرلىق كۆرگەي . خالىمىغانلارغا ئىجازەت .

— ئانهەزرىتىم ئامان بولغايلا !

ئەمىرلەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا ئېهتىرام بىلدۈرۈشتى .

سۇلتان ئەهمەدخاننى هەرەمگە ئۇزىتىپ قويغان ئەمىر ئايازبېك قۇشچى بىلەن ئەلى سەردار مەسلىهەتلىشىپ ، ئەته ئەتىگەن ئاسىي لەشكەرلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ، شەهەردىن تىنچ - ئامان چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، خاننىڭ قارارىنى بىلدۈرۈپ مىرزا ئابابەكرىگە بىر پارچە مەكتۇپ يازدى - دە ، مەكتۇپنى ئوردا ئىشىك ئاغىسىدىن ئەۋەتتۈەتتى . ئوردا ئىشىك ئاغىسى ئاشۇ خەت بىلەن بىللە يوقالدى . چۈنكى ، ئۇ سۇلتان ئەهمەدخانغا ئەگىشىپ ئاقسۇغا بېرىشنى خالىمىغانىدى .

بۈگۈن ئەتىگەندە ياركەنت شەهىرىنىڭ ئاسمىنىدا بامدات نامىزىغا تۇۋلانغان ئەزان ئاۋازى تولىمۇ ئاجىز ئاڭلاندى . ۋۇجۇدىنى ئاللىقانداق قىرغىنچىلىق ۋەهىمىسى چۇلغىۋالغان مەزىنلەرنىڭ قورقۇنچتىن ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى . غەربتىن ئەسكەن سەلكىن شەهەر ئاسمىنىغا بىر توپ قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ ئەكېلىپ قويغان بولۇپ ، نېپىز بىر قەۋەت تۇماندا شەرقىي ئۇپۇقنىڭ ئاقارغان - ئاقارمىغانلىقىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى . سوغۇق كۆز شاملى ئادەمنىڭ غولىنى قورۇيتتى . ئاسماندا

بىرمۇ يۇلتۇز يوق ئىدى . شەھەر سۈكۈتلۈك ، ھاۋا تۇتۇق ئىدى .

بىر يېرىم مىڭ لەشكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا ئوردىدىن چىققان سۇلتان ئەھمەدخان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ، ئەمىر ـ مەھرەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ياركەنت شەھىرىنىڭ قالغات دەرۋازىسىنى نىشانلاپ يولغا چىــــقتـــى . ئۇلار قالغات دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا ، بىردىنلا تاراسلاپ يامغۇر چۈشۈپ كەتتى . شۇ ھامان سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن چوڭ خانىش خەدىچە سۇلتان خېنىم ئولتۇرغان شاھانە مەپىدىن بىــر بوۋاقنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان يىغىسى ئاڭلاندى . بوۋاقنىڭ يىغىسى ياركەنت شەھىرىنىڭ جىمجىتلىقىنىـــى بۇزۇپ ، يامغۇرلۇق ھاۋاغا سىڭىپ كېتىپ باراتتى . بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك جاراڭلىق ئىدىكى ، گويا كىشىلەرنـــى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتماقچى بولۇۋاتقاندەك ، يىغىسى شۇنچىلىك ئاچچىق ئىدىكى ، گويا بۇ سەلتەنەتلىك قەدىمىي شەھەردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئازابلىق خوشلىشىۋاتقاندەك . . .

بۇ بوۋاق سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغان ئۈچىنچى شاھزادىسى سەئىدخان ئىدى .

— 2 —

ياركەنت ۋادىسىغا سىڭىشتۈرغاندا جۇڭغار دالىــــدا باھار كېچىكىپ باشلىنىدۇ . باھار بىلەن تەڭ ئاستا ـ ئاستا ياسىنىشقا باشلىغان تەلكە تاغلىرى ، سايرام بويلىرى شۇنداق گۈزەللىشىپ كېتىدۇكى ، خۇددى ھەممە يەر رەڭگارەڭ دالا

گۈللىرىدىن پاياندار سالغانىدەك بىر تىلسىم تۇسكە كىرىپ كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ . نازۇك بەرگىلىرىدە شەبنەم يالتىراپ تۇرغان بۇ گۈل پاياندازىغا يۇرەكلىك دەسسەشكىمۇ كۆزى قىيمايدۇ . كىشىنىڭ ياركەنت ۋادىسىدا باھار بىلەن تەڭ ئىتىز ـ دالىلاردا مۇقام كۈيلىرى ياڭرىسا ، جۇڭغار دالىسىدا تۇمەنلىگەن نەغمىچى قۇشلار قاتارىدا بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ئۆزگىچە جاراڭلايدۇ . ياركەنت ۋادىسى باھار پەسلىدە سۇغا ، يامغۇرغا تەشنا . ئەمما ، جۇڭغار دالىسىدا بولسا شوخ تاغ سۇلىرى ، بۇلاقلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ . كۈندە دېگۈدەك كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يىغىپ توختايدىغان يامغۇرلار ھۇپپىدە ئېچىلغان دالا گۈللىرىنىڭ بەرگىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى يۇيۇپ قويىدۇ . يامغۇردىن كېيىنكى دالا گۈللىرى قۇياش نۇرىدا ئۆزگىچە جۇلا بىلەن يېقىملىق نازغىيىدۇ ، خۇددى رەسىدە بولغان قىزلارنىڭ جان ئالغۇچى قىيا بېقىشلىرىدەك . . .

بۇگۈن شاھزادە سەئىدخان بىلەن ئىنىسى شاھزادە ئابدۇخېلىل مىرزا ھەيدەر قاتارلىق 10 نەچچە ئەمىرزادە دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دالا سەيلىسىگە چىققانىدى . چوڭى 14 ـ 15 ياش ، كىچىكى 9 ـ 10 ياشلاردىكى بۇ باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ يانلىرىدا ئەپچىل سوقۇلغان قىلىچ ـ نەيزە بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ غانجۇغىلىرىدا ياۋا توشقان ، ياۋا ئۆردەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى . ئۇلار بىر تۆپىلىكنىڭ يانباغرىدا ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى ـ دە ، ئۆزلىرىنى ياپيېشىل چىمەنلىككە تاشلاشتى . ئۇلار ئەتىگەندىن بېرى ئوۋ تاماشىسىدا ئات ئۈستىدە چېپىپ يۈرۈپ ئوبدانلا ھېرىپ قېلىشقانىدى . ئىغىزدۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەن

ئاتلار بەخىراماں ئوتلاشقا كىرىشتى .
بالىلار ئاتلىرىغا غانجۇغىلىۋالغان خۇرجۇندىكى پىششىق گۆش ؛ قىرغاۋۇل ، قوزا كاۋپى ، بوغۇرساق ، قاتلىما ، قۇرۇتلارنى قول - قولچە داستىخانغا تىزىشتى - دە ، غىزالىنىشقا تۇتۇندى . سەئىدخان پۈتۈن كاۋاپ قىلىنغان قوزىنىڭ قولىنى ئاجرىتىپ ئىنىسى ئابدۇخېلىلخانغا بەردى - دە ، ئۆزىمۇ بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ كۈمۈش ساپلىق خەنجىرى بىلەن شىلىپ يېيىشكە باشلىدى . هارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ هېچقايسىسىغا گەپ قىلىش خۇشياقمايۋاتقاندەك قىلاتتى . نان بىلەن قۇرۇتتىن باشقا يېمەكلىكلەر پاك - پاكىز يېيىلىپ بولدى .
— خۇرجۇندا يەنە كاۋاپ بار . تويمىغانلار ئۆزۈڭلار ئەپكېلىپ يەڭلار ، — دېدى سەئىدخان .
— تويدۇق ، — دېيىشتى بالىلار قوللىرىدىكى ماي يۇقىنى ئېپەك رومالىلارغا سۈرتۈشۈپ .
كۈن پېشىندىن ئاشقانىدى . مىرزا هەيدەر توپ - توپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا شۇڭغۇپ خۇددى ئاشۇ بىپايان ئاسمان گۈمبىزىنىڭ يەكتا ئەركىسىدەك مۆكۈشمەك ئوينىۋاتقان قۇياشقا قاراپ قويۇپ سەئىدخاندىن سورىدى :
— قانداق ، ئەمدى يولغا چىقامدۇق شاهزادەم ؟
— تېخى كۈن بالدۇرغۇ ، — دېدى ئوڭدىسىغا ياتقان سەئىدخان قۇياشقا كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ قويۇپ ، خويمۇ هېرىپ كەتتۇق . بولمىسا سەن بىردەم كىتاب ئوقۇپ بەر .
بالا چىرايىنى يەڭگۈشلەشكە ئۇلگۇرمىگەن ، دېمەتلىكلىرىدىن خېلىلا بويلۇق كەلگەن مىرزا هەيدەر نەگىلا

بارمىسۇن بىرەر پارچە كىتاب ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى . ئازراقلا بوش تاپسىلا كىتاب ئوقۇيتتى . سەئىدخان نەۋرە ئىنىسىنىڭ بۇ ئادىتىنى ئوبدان بىلەتتى . ئادەتتە سەئىدخاننىڭ ھەرقانداق ئورۇنلۇق تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن مىرزا ھەيدەرگە شۇ تاپتا نېمە ئۈچۈندۇر كىتاب ئوقۇپ بېرىش خۇشياقمىدى . كىتابنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان بالىلار چۇرقىراشتى .

— شۇنداق قىلسىلا ، بىر دەم كىتاب ئوقۇپ بەرسىلە .

— كىتابقۇ بار ، — دېدى مىرزا ھەيدەر بىر ئاز ئويلانغان ھالدا ، — ئەمما بۈگۈن بىز ئوقۇشتىن ئازاد قىلىنغانلىقىمىز ئۈچۈن ئوۋ تاماشاسىغا چىققان . شۇڭلاشقا ، كىتابنى كېيىن ئوقۇۋالارمىز . كۆڭلۈڭلەرگە خوپ كەلسە باشقىچە بىر ئويۇن ئوينايلى .

— قانداق ئويۇن ئوينايمىز ، قېنى تېز ئېيتسىلا ؟

— ئاۋۇ يەردىكى قورام تاشنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ — دېدى مىرزا ھەيدەر 100 نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ، — ئاشۇ قورامنىڭ ئۈستىگە لاي پومزەك ياساپ مەرگەنلىكتە ماھارەت سىنىشايلى . كىمنىڭ ئاتقان ئوقى دەل تەگمىسە ، شۇ بىزگە بىرەر قىزىقچىلىق قىلىپ بەرسۇن . شېئىر - نەزمە ئوقۇسىمۇ ، ھېكايە - لەتىپە ئېيتىپ بەرسىمۇ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناپ بەرسىمۇ ۋە ياكى باشقا ماھارەت كۆرسەتسىمۇ مەيلى .

بۇ تەكلىپنى بالىلار قىزغىنلىق بىلەن قوللاشتى . ئۇلار قول - قولچە ھەرىكەتكە كېلىپ ، بۇلاق بويىدىكى چىملارنى قومۇرۇپ لاي پىشۇرۇشتى - دە ، بىر دەمدىلا قورامنىڭ

ئۇستىگە ئادەم بىشىدەك چوڭلۇقتا پومزەك ياساشتى. ئاندىن ھەممەيلەن ئوقيالىرىنى ئېلىپ تەخ بولۇشتى.

— ئەمسە ئويۇننى باشلىدۇق، — دېدى سەئىدخان ئويۇنغا قوماندانلىق قىلىپ، — بىرىنچى نۆۋەتتە مەن قارىغا ئالىمەن.

سەئىدخاننىڭ ئوقيا ئېتىش ماھارىتى خېلىلا يۇقىرى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئالدىراپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا يانى قولىغا ئالدى ـ دە، كىرىچقا ئوقنى سېلىپ كۈچەپ تارتتى. ئۇ راسا قارىغا ئېلىپ كىرىچنى قويۇۋېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭدىن بىر قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان مىرزا ھەيدەر بار ئاۋازى بىلەن «ھايت!» دەپ ۋارقىرىۋىدى، سەئىدخان چۆچۈپلا كىرىچنى قويۇۋەتتى ـ دە، ئاتقان ئوقى قېيىپ كېتىپ لاي پومزەككە تەگمىدى.

— تەگكۈزەلمىدى! تەگكۈزەلمىدى! — دەپ چۇرقىراشتى بالىلار. مىرزا ھەيدەر بولسا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ھېساب ئەمەس، — دېدى سەئىدخان جىلە بولغان ھالدا، — مىرزا ھەيدەر قەستەن مېنى چۆچۈتىۋەتتى. بولمىسا ئوقۇم زايا كەتمەيتتى. قايتىدىن ئاتىمەن.

— يېڭىلگەنلىرىنى تەن ئالسىلا ئاغا، — دېدى مىرزا ھەيدەر خىرقىراپ كۈلۈپ، — بۇ دېگەن ئويۇن، رەسمىي ماھارەت سىنىشىش سورۇنى ئەمەس. ئاشۇنداق قىلمىسام ئاتقان ئوقلىرىنى قانداقسىگە قايدۇرۇۋېتەلەيمەن؟ قېنى باشتا كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە بىزگە بىرەر ئىش قىلىپ بەرسىلە.

مىرزا ھەيدەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن سەئىدخانمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

— ئادەمنى تەڭلىكتە قويۇشقا ئۇستا جۇمۇ سەن ، — دېدى سەئىدخان كۈلگىنىچە ، — بوپتۇ ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە يېقىندا يادلىۋالغان بىر نەزمىنى ئوقۇپ بېرەي .

سەئىدخان گېلىنى قىرىپ قويۇپ ، ۋەزمىن ئاھاڭدا دېكلاماتسىيىسىنى باشلىدى .

تەڭرى نىممەتلىرىنىڭ ئەلاسى ئىدراك ،
ئەقلىنى مەدھىيىلەر كىمىكى دىلى پاك .
ئەقىل يول كۆرسىتىپ دىلنى قىلار شاد ،
ھەر ئىككى ئالەمدە ئەقىللىق ئاباد .
ئەقىل تىرىك جانكى ، بىلمەيدۇ زاۋال ،
ئەقىل تۇرمۇشقا ئاسان ، بۇنى يادلاپ ئال .
ئەقىلدىن غەمكىنلىك ، شادلىق ، ئۆكتەملىك ،
ئەقىلدىن بارلىق ۋە يوقلۇق ھەم كەملىك .
گەر كىشى ئىش قىلسا بى ئەقىل ـ ئىدراك ،
قىلمىشىدىن بولىدۇ يۈرەك باغرى چاك① .

سەئىدخان شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بولۇشى ھامان باللار كېلىشىۋالغاندەكلا چۇرقىراشتى .

— يەنە بىرنى !

— بولدى ئەمدى ، — دېدى سەئىدخان دوستلىرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماي ، — بايام مىرزا ھەيدەر ئويۇن قائىدىسىنى بېكىتكەندە يېڭىلگۈچى بىر قېتىم قىزىقچىلىق

---

① بۇ ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ شېئىرى .

قىلىدۇ ، دېگەن .

— ئۇغۇ شۇنداق ، ئوقۇغان نەزمىلىرى بەك قىسقا بولۇپ قالدى ، — دېدى شاھزادە ئابدۇخېلىلخان ئەركىلەپ ، — سىلى چىدىماسلىق قىلسىلا نۆۋەتتە كەلگەندە بىزمۇ چىدىمايمىز .

— ماۋۇ كۆكەملىكنى كۆرۈڭ تېخى ، — دېدى سەئىدخان كۈلۈپ ، — ئۆزلىرى چىدىماسلىق قىلغان تۇرۇقلۇق ، مېنى چىدىماسلىق قىلدىڭ دېيىشىدا ! .

— ئىنىلىرىنىڭ لەۋزى يەردە قالمىسۇن ، ئاغا ، — دېدى مىرزا ھەيدەر ئۇنى يەنە بىر پارچە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىپ .

— بوپتۇ ئەمسە ، ئاخىرقى بىر قېتىم ھە ، — دېدى سەئىدخان .

باللار شۇ ھامان شۈك بولۇشتى .

سەئىدخان بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ جاراڭلىق ئاۋازدا دېكلاماتسىيىسىنى باشلىدى .

يېرىمىز ، سۆيىمىز ، پەرزەنتىمىز دەپ ،
خوتۇن ، بالا ـ چاقا ، دىلبەندىمىز دەپ .
بىرمۇبىر جېنىمىز قىلىمىز پىدا ،
ۋەتەننى دۈشمەنگە بەرمەيمىز ئەسلا[1] .

سەئىدخاننىڭ جاراڭلىق ئاۋازىدىن تاغۇ تاشلار ئەكس سادا قايتۇردى . شۇ تاپتا جۇڭغار دالىسىدىكى ھەربىر تۇپ

[1] بۇ ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ شېئىرى .

گۈل ـ گىياھ ، ھەيۋەتلىك تاغلار ، تاغ باغرىدىكى سان ـ ساناقسىز قارىغاي ، ئارچىزارلىقلار ئۇنىڭ بۇ يۇرەك ساداسىنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى .

ئويۇن يەنە داۋاملاشتى . كىمگە قارىغا ئېتىش نۆۋىتى كەلمىسۇن ، باللار مىرزا ھەيدەرنى دوراپ ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ياكى باشقا بىر ھەرىكەتلەر بىلەن قارىغا ئاتقۇچنى چۆچۈتۈپ ، تەمتىرىتىپ ، ئوقنى پومزەككە تەگكۈزمەسلىككە تىرىشاتتى .

شاھزادە ئابدۇخېلىلخاننىڭ ئوقى قېيىپ كېتىۋىدى ، باللار ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزدى . ئادەتتىمۇ بىر نەچچە سازنى خېلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ چالالايدىغان بۇ شاھزادىنى ئۇلار ئارقىمۇ ئارقا ئىككى ناخشا ئېيتقۇزدى . ئۇنىڭ باللارغا خاس زىل ، ئەمما يېقىملىق ئاۋازى بۇ دالىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى . ناخشا ئاخىرلىشىشى ھامان گويا بۇلبۇللار ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكەندەك چاڭلداپ سايراپ كېتىشتى .

ئەڭ ئاخىرىدا قارىغا ئېتىش نۆۋىتى مىرزا ھەيدەرگە كەلدى . ساداقنى ياغا سېلىپ ، كىرىچنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ راسا قارىغا ئېلىۋاتقان مىرزا ھەيدەرنىڭ كەينىگە تۇيدۇرماي ئۆتۈۋالغان سەئىدخان پەملەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭ كىرىچنى تارتىپ تۇرغان قولىغا پاققىدە ئۇرۇۋەتتى . شۇ ھامان ساداق يادىن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە ، ھېلىقى قورام تاشنىڭ ئۈستىدىكى پومزەككە ئەمەس ، باشقا تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى . بۇ قىزىقچىلىقتىن باللار قانغۇچە كۈلۈشتى .

دوستلىرىغا مەرگەنلىكنى كۆرستىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن مىرزا ھەيدەر كۈتمىگەن بۇ زەربىدىن بىر ئاز قىزاردى .

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ئاغا؟

— ھېچنېمە قىلغىنىم، — دېدى سەئىدخان كۈلگەن پېتى. مىرزا ھەيدەرنىڭ بابا ئۆزىگە قىلغان گېپىنى تەكرارلىدى، — بۇ دېگەن ئويۇن، رەسمىي ماھارەت سىنىشىش سورۇنى ئەمەس، مۇشۇنداق قىلمىسام سېنىڭ ئوقۇڭنى قانداقمۇ قايدۇرۇۋېتەلەيمەن؟ قېنى ئەمدى نەزمە ئوقۇش سەندىن كەلسۇن.

مىرزا ھەيدەرنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق تارقاپ خىرىلداپ كۈلۈۋەتتى.

— قېنى چاققان بولسىلا، — دېدى دوستلىرىمۇ چۇرقىرىشىپ.

— ئالدىرىماڭلار، مانا ھازىر، — دېدى مىرزا ھەيدەر. ئۇ بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە ئۇستاز شەيخ مۇسلىھىددىن سەئىدى شىرازىنىڭ تېخى يېقىندىلا ئوقۇپ تاماملىغان «بوستان» ناملىق كىتابىدىن يادلىۋالغان بىر پارچە تەنبىھنى ئوقۇپ بېرەي:

ئاگاھ بولغىن جاھان ئۆزى بىر نەپەس،
ئالىملارنىڭ بىر نەپىسى بىر جاھان.
جاھان قالدى، كەتتى شاھى ئىسكەندەر،
بولسىمۇ گەر جاھان ئۆزرە ھۆكۈمران.
بىر نەپەسكە بېرەي دېدى بىر ئالەم،
مۇراد تاپماي ئاخىر يەنە يول ئالدى.
ئەككىنىنى ئورۇپ كەتتى ھەر بىر جان،
خاھى ياخشى، خاھى يامان ئات قالدى.

بۇ بوستاندا گۈللەر بولۇر مۇشۇخىل ،
دوستلار ئاڭا گۈل تېرىيدۇ يىلمۇ يىل .

مىرزا ھەيدەرنىڭ دېكلاماتسىيىسى ئاخىرلىششى ھامان باللار يەنە چۇرقىراشتى .

— يەنە بىرنى !

— بولدى قىلىڭلار ، قالغىنىنى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئوقۇپ بېرەي .

— يەكپاي بولۇپ قالمىسۇن ، — دېدى سەئىدخان نارازىلىق بىلدۈرۈپ ، — بىزدىنمۇ قوشلاپ ئېلىۋېدىڭ ، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ ھەم قوشلاپ قايتۇر .

سەئىدخاننىڭ بۇ سۆزلەر ئارقىلىق بايا ئۆزىنىڭ ئىككى پارچە نەزمە ئوقۇغانلىقىغا ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەن مىرزا ھەيدەر خىرىلداپ كۈلدى .

— بىرەر قېتىم يەكپاي بولۇپ قالسا ھېچقىسى يوق . قۇترالتقۇلۇق قىلماڭ ئاغا .

باللار سەئىدخانغا قوشۇلۇپ بىردەك چۇرقىراشتى .

— يەكپاي بولۇپ قالمىسۇن . قېنى مەرھەمەت قىلسىلا .

دوستلىرىدىن نەزمە ئوقۇپ بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مىرزا ھەيدەر يەنە بىر پارچە نەزمە ئوقۇدى :

تىرىشىپ ئوقۇساڭ بىلىمدانسەن ،
مەگەر ئەمەل قىلمىساڭ نادانسەن .
ئۈستىگە كىتاب يۈكلەنگەن ئىشەك ،
نە ئالىم ۋە نە دانادۇر بى شەك ،

ئۇنىڭسىز نەدىن تاپىدۇ خەۋەر .
ئۇستىدە ئوتۇنمۇ يا كىتاب ـ دەپتەر ؟①

مىرزا ھەيدەر نەزمىنى ئوقۇپ بولۇپ ، كۆككە قارىدى . قۇياش ئولتۇراي دەپ قالغانىدى . ئۇ ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋاقىتنىڭ خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە ، دوستلىرىنى قايتىشقا ئالدىراتتى .

— بولدى ئاغىنىلەر ، ئويۇننى يىغىشتۇرايلى . ئەمدى قايتمىساق ئاتلىرىمىزنى ئەنسىرىتىپ قويىمىز .

باللار دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە ، بارگاھنى نىشانلاپ ئاتلىرىنى دېۋىتىشتى . ئۇچقۇر جۇڭغار ئاتلىرى بىر تۆپىلىكتىن ئېشىپلا غايىب بولدى .

## — 3 —

ساقال ـ بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ يىگىت بولۇپ قالغان سەئىدخاننىڭ يۈرىكىدە ئارمانلىرى كۆپ ئىدى . ئەڭ چوڭ ئارمىنى نۇرغۇن لەشكەرلەرگە سەركەردە بولۇپ ئاتا دۈشمەنلىرى بىلەن جەڭ قىلىش ئىدى . ئۇ ھەر قاچان «دۈشمەن» ، «ياۋ» دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئالسا ، كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە «مىرزا ئابابەكرى» دېگەن ئىسىم زاھىر بولاتتى . گەرچە ئۇ شۇ يېشىغىچە مىرزا ئابابەكرىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ ، ئۇنى نامەرد ، سۇيىقەستچى ، مۇناپىق ،

① بۇ سەئىدى شىرازىنىڭ شېئىرى .

بەتبەشىرە سىياقتا تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۇ دادىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن ، بولۇپمۇ ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچىدىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ سۇيىقەست پىلانلاپ دادىسىنىڭ خانلىق سەلتەنەتىنى تارتىۋالغانلىقى ، مەرھۇم بوۋىسى سۇلتان يۇنۇسخان بىلەن دادىسىنىڭ بىر نەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپمۇ ، مىرزا ئابابەكرىگە يېڭىلىپ قېلىپ ، تەخت ـ سەلتەنەتىنى قايتۇرۇۋالالمىغانلىقىنى نۇرغۇن قېتىم ئاڭلىغانىدى . گەرچە ئۇ جوڭغار دالىسىنىڭ گۈزەل يايلاقلىرىدا چوڭ بولغان بولسىمۇ ، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ياركەنت شەھىرىنى جوڭغار دالىسىدىنمۇ نەچچە ھەسسە گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلاتتى . لەشكەر تارتىپ بېرىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ قولىدىن ياركەنت شەھىرىنى تارتىۋېلىش ئارزۇسى ئۇنى بىردەممۇ تىنىم تاپقۇزمايتتى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇ لەشكىري ئىلىم ، جەڭبازلىق ماھارىتىنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەندى . ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق ئەلەم ۋە قەلەمدە تەڭ كامالەتكە يەتكەن سەركەردىلەرنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگىتىشى ، ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشىق قىلىشى نەتىجىسىدە قىلىچۋازلىق ۋە مەرگەنلىكتە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى .

شەرقىي موغۇلىستان خانلىقىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە نىسبەتەن سەئىدخانغا ئالاھىدە ئۈمىد باغلىغان ئايازبېك قۇشچى ئۇنىڭغا خاس لەشكىري ئىلىم ، جەڭبازلىق ماھارىتىدىنلا ئەمەس ، دۆلەت باشقۇرۇش ، تارىخ ، ئەدەبىيات قاتارلىق تۈرلۈك ئىلىملەردىن سىستېمىلىق دەرس بېرەتتى . باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا تەلەپنى قاتتىق قوياتتى . شاھزادە دەپ قىلچىلىك يۈز خاتىرە قىلمايتتى .

ئوتقاشتەك گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە تەتىللا كۆرپىلەر سېلىنغان يوغان چېدىرنىڭ ئىچىدە ياش ـ قورامى بىر ـ بىرىدىن 6 ـ 7 ياش پەرق قىلىدىغان 30 نەچچە بالا ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالدىدا بىردىن كىچىك شىرە، شىرەنىڭ يېنىدا بىردىن رەھىل①، رەھىلنىڭ ئۈستىدە بىردىن كىتاب بار ئىدى. شاھزادە سەئىدخان، ئابدۇخېلىلخان ۋە مىرزا ھەيدەرلەر ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئېلىشقان بولۇپ، ئۇلار رەھىلگە ئېگىلگىنىچە ئىچىدە كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

شۇ ئەسنادا چېدىرغا ئايازبېك قۇشچى كىرىپ كەلدى. باللار ئۇستازىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ دەررۇ ئورۇنلىرىدە تۇرۇشتى ـ دە، قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ سالام بېرىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. ئىجازەت، قېنى ئولتۇرۇڭلار.

ئايازبېك قۇشچى ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن، چېدىرنىڭ تۆر تەرىپىدىكى پەردىن بىر گەز كۆتۈرۈپ ياسالغان سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى قوشلاپ سېلىنغان ئەتلەس كۆرپىدە راۋرۇس جايلىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر قۇر نەزىرىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆز باشلىدى.

— مۆھتىرەم تالىپلار، بۈگۈن ياخشى ۋە يامان خۇلقلار ھەققىدە ساۋاق ئاڭلايسىزلەر. ئەخلاق — ئىنسانلارنى ياخشىلىققا چاقىرغۇچى، يامانلىقتىن قايتۇرغۇچى بىر ئىلىمدۇر. خۇلقلارنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى دەلىل ۋە

① رەھىل ـ كىتاب ئوقۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان جاھازا.

مىساللار بىلەن بايان قىلىدىغان كىتاب ئەخلاق ئىلمى دېيىلۇر. ئەخلاق ئىلمىنى ئوقۇپ، بىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىدە نېمە ئىش قىلماق ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلۇر. بىر كىشى ئۆزىنى چۈشەنمىسە، ئىلمىنى، ئىلىم ئەھلىنى، ياخشى كىشىلەرنى، ياخشى نەرسىلەرنى بىلمىگەي. ئۆز ئەيىبىنى بىلىپ، ئۇنى تۈزەتمەككە ئەستايىدىل كىرىشكەن كىشى چىن باھادىر ۋە پەھلىۋان كىشىدۇر. ئەخلاق ئىلمىنىڭ ئاساسى تەربىيە بولغانلىقتىن، شۇ توغرىسىدا بىر ئاز سۆزلەيمىز. پەرزەنتىنىڭ تەن ساقلىقى ۋە سائادىتى ئۈچۈن ياخشى تەربىيە قىلىش — ئۇنىڭ تېنىنى پاك تۇتماق، ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى خۇلقلارنى ئۆگەتمەك، يامان خۇلقلاردىن ساقلاپ ئۆستۈرمەكتۇر. ئەخلاقىمىز بىناسىنىڭ گۈزەل ۋە چىرايلىق بولۇشىغا تەربىيىنىڭ زور تەسىرى باردۇر. ئىنسانلار كاتتا شەرەپ، يۈكسەك مەرتىۋىنى ئەخلاق تەربىيىسى ئارقىلىق ئالۇر. ئەخلاق تەربىيىسى ياخشى خۇلقلارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر. بىر بۆلىكىنى ئۆز نەپسىمىزگە، يەنە بىر بۆلىكىنى بىر ـ بىرىمىزگە ئىشلەتمەككە كېرەكلىك بولغان ئۇل ياخشى خۇلقلار: ئەقىل ئىگىسى بولۇش، دىيانەتلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، غەيرەتلىك بولۇش، مۇلايىم، ۋىجدانلىق بولۇش، ۋەتەننى سۆيمەك، ھەققانىيەتچى، ھايالىق، ساداقەتلىك، مۇھەببەتلىك ۋە ئەپۇچان بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمدى يامان خۇلقلارغا كەلسەك، ئىنسانلارنى مەڭگۈلۈك سائادەتتىن مەھرۇم قىلىدىغان، ئاۋامنىڭ نەزىرىدە نەپرەتلىك قىلىدىغان، ھاياتىمىز ئۈچۈن زەھەرلىك بولغان ئىش ـ ئەمەللەر يامان خۇلقلاردۇر. ئۇل يامان

خۇلقلار : ئورۇنسىز غەزەپ ، شەھۋەت ، جاھالەت ، هاماقەتلىك ، هۇرۇنلۇق ، تەمەگەرلىك ، ئاچ كۆزلۈك ، مەنمەنچىلىك ، تەكەببۇرلۇق ، ئاداۋەتخورلۇق ، غەيۋەتخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق ، جىنايەت ، يالغانچىلىق ، رىياكارلىق ۋە زۇلۇمدۇر . بۇ يامان خۇلقلارنىڭ رەزىللىكىنى ، يۇقىرىدا ئاتىغان ياخشى خۇلقلارنىڭ گۈزەللىكىنى ئىنساپ تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ ، ۋىجدان مۇھاكىمىسى بىلەن تەھقىقلەپ ، ياخشىلىرىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلماق ، يامانلىرىنى ئاڭلاپ ھەزەر قىلماق لازىمدۇر . چۈنكى ، ئىنساننىڭ ئىززىتى ، دۇنيانىڭ لەززىتى ياخشى سۆزلەرنى ئىشىتىپ ۋە چۈشىنىپ ئۇلاردىن ئۈلۈش ئالماق ، يامان ۋە رەزىللىكنى ئۇقۇپ ، بىلىپ ، ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتماق ، ئاۋام ـ رەئىيەت پايدىسى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە تىرىشماق ۋە بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادىن ياخشى نام بىلەن كەتمەكتۇر①...

سەئىدخان ئۇستازىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى يۈرىكىگە نەقىشلىۋالماقچى بولغاندەك دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى . ئايازبېك قۇشچىنىڭ نۇتقى بىر ئاش پىشىمدىن ئارتۇق داۋاملاشتى . ئۇ ھەر قېتىملىق دەرستىن كېيىن ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇنازىرىگە سالاتتى ياكى سۆزلىگەن دەرسلىرىگە ئائىت قىسقا سوئاللارنى سوراپ ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇراتتى . ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى .

— مىرزا ھەيدەر ، — دېدى ئۇ بىر پىيالە چاي ئىچكۈچىلىك سۈكۈتتىن كېيىن .

---

① بۇ مۇلاھىزىلەر ئابدۇللا ئەۋلانىنىڭ «تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ناملىق كىتابىدىن ئۆزلەشتۈرۈلدى .

— لەببەي ئۇستاز ، — دېدى مىـــرزا ھەيدەر دەس ئورنىدىن تۇرۇپ .

— شەرھلەڭچۇ مىـــرزام ، ساداقەت دەپ نېمىـــگە ئېيتىلۇر ؟

مىرزا ھەيدەر قول باغلاپ ، ئېھتىرام بىلەن جاۋاب بەردى :

— ساداقەت دەپ كىشىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرىلىق بىلەن ئىشلىمەكلىككە ئېيتىلۇر . ساداقەتمەن كىشـــى ۋەتىنىگە ، قوۋمىگە ، دوستىغا توغرىلىق بىلەن خىـــزمەت قىلىپ ئابرۇيغا ئېرىشۇر ۋە ئىنئام ئالۇر .

— دەرھەقىقەت . ساداقەت سالامەتلىك گۈلشەنـــى ، نىجاتلىق بوستانىدۇر ، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى مىـــرزا ھەيدەرنىڭ جاۋابىنـــى تولۇقلاپ ، — سەدەبىتـــن ئۈنچە ، يىلاندىن زەھەر ھاسـل بولـــدىغـــنـــغا ئوخشاش ، راستچىللىقتىن پايدا ، خىيانەتتىن زىيان ھاسـل بولۇر . جانابى ھەقتائاللا سادىقلارنى سۆيەر ، يالغانچىلارنى سۆيمەس . ئەخلاق نۇقتىسىدىن قارىغاندا راستچىل گاداي يالغانچـى بايدىن ئېتىبارلىقتۇر . چۈنكى ، ساداقەتمەن كىشى ئەھدىگە ۋاپا قىلۇر . يالغانچى بولسا ۋەدىسىدە تۇرماي ئۆزىنـــى خىجالەت ، باشقىلارنى ئاۋارە قىلۇر . قېنى ئىجازەت ، جاي ئالسۇنلار .

دەرسخانا ئىچىنى بىر پەس سۈكۈنات قاپلىدى . تالىپلار يەنە قايسىمىزدىن سوئال سوراركىن دەپ ئۇستازىنىـــڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇشاتتى .

— شاھزادە سەئىدخان .

— سەئىدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلىدى :

— لەببەي ئۇستاز .
— قېنى شەرھلەڭچۇ شاھزادەم ، زۇلۇم دەپ نېمىگە ئېيتىلۇر ؟
سەئىدخان بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى :
— زۇلۇم دەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا ياكى مېلىغا زەرەر يەتكۈزمەككە ئېيتىلۇر . جانابى ھەقتائاللا جىمىكى ئىنسانلارنى تەڭ باراۋەر قىلىپ ياراتمىشتۇر . مەنسەپ ۋە دۆلەتكە ، كۈچ ۋە قۇۋۋەتكە مەغرۇرلىنىپ ، بىراۋنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماق زۇلۇمدۇر .
— بارىكاللا ، ياخشى شەرھلىدىڭىز شاھزادەم ، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى سۆز ئېلىپ ، — چوڭلۇقنىڭ ئىززىتى زۇلۇم ۋە تەئەددىدە ئەمەس ، شەپقەت ۋە مەرھەمەتتىدۇر . كىچىكلىكنىڭ ئىززىتى نەپرەت ۋە قارشىلىقتا ئەمەس ، ساداقەت ۋە ھۆرمەتتىدۇر . شول خۇسۇستا ئۇستاز شەيخ سەئىدى :

غەمى زېرە دەستان بەخور زىنھار ،
بەتەدس ئەز زەبەردەستىيە روزگار .

يەنى :
ئاجىزلارنىڭ غېمىنى يەپ يۈر ھەمىشە ،
كۈچلۈكلەردىن ئەتكىل خەۋپ پىشە .
دەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش خۇسۇسىدا ھېكمەت قالدۇرغان . دۇنيادا ئاجىز ، مىسكىنلەرنىڭ ئاھىدىن ئۆتكۈر نەرسە يوقتۇر . ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەتكە يېقىندۇر . ئۇنىڭدىن قورقماق ، ھەزەر قىلماق لازىمدۇر . ئاتىلار ئېيتىدۇلەركى ، «پىچاقنى

ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە».

كىچىكرەك بالىلارنىڭ ئولتۇرۇۋېرىپ پۇت - قوللىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ، قولىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك ئورنىدا ئولتۇرالماي پات - پات قىمىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئايازبېك قۇشچى دەرس سۆزلەشنى ئاخىرلاشتۇردى.

— ئەمدى جەڭبازلىق ماھارىتى مەشىق قىلىمىز. ھەممىڭلار ياراغلىرىڭلارنى ئېلىپ سىرتقا چىقىڭلار.

— ئۇستازنىڭ ھىممىتىگە ھەشقاللا.

بالىلار دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇستازىغا ھۆرمەت بىلدۇرۇشكەندىن كېيىن، بىر ياندا قويۇپ قويۇشقان نەيزە، قىلىچ، ئوقيالىرىنى ئېلىپ سىرتقا يۇگۇرۇشتى.

چېدىرنىڭ ئالدىدىكى سەينا بىر دەمدە بالىلارنىڭ جۇپ - جۇپتىن بولۇپ ماھارەت مەشىق قىلىشى بىلەن قىزىپ كەتتى. قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن چىققان جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلار سەينانى بىر ئالدى. ئايازبېك قۇشچى بالىلارنىڭ قېشىغا بىر - بىرلەپ كېلىپ ئۇلارغا تۇرلۇك پەنت، ماھارەتلەرنى سۆزلەيتتى ياكى ئۆزى ئۇلگە كۆرسىتەتتى. ئۇ راسا بېرىلىپ قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقان سەئىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى رازىمەنلىك بىلەن بىر ھازا كۆزەتتى. ئىككى يىگىت بىر - بىرىگە بوي بەرمەيتتى. گەرچە مىرزا ھەيدەر سەئىدخاندىن كىچىك بولسىمۇ، ئۇرغان قىلىچىنىڭ خېلىلا تورى بار ئىدى.

ئۇ سەئىدخانىنىڭ ھەربىر ھۇجۇمىدىن ئەپچىللىك بىلەن مۇداپىئەلىنەتتى. ئۇلار ئەنە شۇ يوسۇندا بىر ھازا ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆزىتىپ

تۇرغان ئۇستازىنى كۆرۈپ توختاشتى. تەرلەپ كەتكەن يىگىتلەرنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

ئايازبېك قۇشچى ئۇلارنىڭ ئۇستۇبېشىغا بىر قۇر سەپسالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىز سورىدى:

— ئېيتىڭلارچۇ باھادىرلار، شىجائەت نېمە؟

سەئىدخان چاققانلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— يۈرەكنىڭ قۇۋۋىتى، ئۇستاز.

— نېمىشقا بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى ئەمەس؟

ئۇستازىنىڭ قايتىلاپ سورىغان سوئالىغا سەئىدخان يەنە چاقماق تېزلىكىدە جاۋاب بەردى:

— ئەگەر يۈرەكتە قۇۋۋەت بولمىسا بىلەكتىمۇ قۇۋۋەت بولمايدۇ. بىلەك قۇۋۋىتى يۈرەك قۇۋۋىتىگە باغلىق.

ئايازبېك قۇشچى رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتقاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— يىگىت يىگىتتىن نېمىسى بىلەن ئارتۇق؟

بۇ سوئالغا سەئىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەر تەڭلا جاۋاب بەردى.

— ئەقىل - پاراستى ۋە ھوشيارلىقى بىلەن.

— قېنى مەشىقىڭلار توختاپ قالمىغاي باھادىرلىرىم، — دېدى ئۇ ئىككى شاگىرتىغا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ، — مەشىقتە تەرىڭلار قانچىلىك كۆپ ئاقسا، جەڭدە ياۋنىڭ قېنىنىمۇ شۇنچىلىك كۆپ ئاقتۇرالايسىلەر.

ئىككى يىگىت يەنە قىلىچۋازلىققا چۈشۈپ كەتتى. قىلىچ بىسىدا قۇياش نۇرى يالت - يۇلت چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. چېدىر ئالدىدىكى بۇ چىمەنلىك سەينا تالىپلارنىڭ ماھارەت مەشقى بىلەن باشقىچە قىزىپ كەتكەنىدى.

## — 4 —

تۇرپان ، كۆز .

ئۈز باغرىغا ئاجايىپ تىلسىملارنى يوشۇرۇپ ياتقان يالقۇنتاغ ھىجران ئازابىدا يۈرىكى چاك ـ چاك بولۇپ كەتكەن ئاشىقتەك ھەر تىنىقىدا بۇ ساخاۋەتلىك چوڭقۇرلۇقىغا ئاتەش پۈركۈپ ، ئەسىرلەردىن بىرى ئۆزىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان مېھنەتكەش ، جەسۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تاۋلاپ كەلمەكتە . شۇڭلاشقىمۇ تۇرپانلىقلارنىڭ ئىرادىسى مۇستەھكەم ، يۈرىكى مۇھەببەتلىك ، خۇددى ساداقەتمەن ، ۋاپادار ئاشىقتەك .

مانا ، سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەدخانغا ئەگىشىپ تۇرپان زېمىنىغا قەدەم باسقىنىغا ئىككى يىل بىر ھەپتە بولدى . گەرچە كۈز ئايلىرى بولسىمۇ ، تۇرپاننىڭ ئىسسىقىغا چىداش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . يال ـ يال كۆيۈك ئاپتاپ ، تىنجىق ھاۋاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن سۇلتان ئەھمەدخانغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن بېرى تۇرپان ئەمىرى چوڭ ئوغلى مەنسۇر خاننىڭ يەر ئاستىغا ياساتقان يازلىق كىمىر ئوردىسىدا سالقىنداپ ياتماقتا . شۇنداق ، تۇرپان ھەقىقەتەن بىر تىلسىم يۇرت . ئۇنىڭ ئۈستى ئوت ـ ئاتەش بولغىنى بىلەن ئاستى سوغۇق ـ سالقىن . شۇڭلاشقىمۇ بۇ زېمىننىڭ باغرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ چىققان زۇمرەتتەك سۈزۈك كارىز سۇلىرى مۇزدەك سوغۇق ، شەربەتتەك تەملىك ، ئىچسە

يۈرەكنى ياشارتىدۇ .

سۇلتان ئەھمەدخان تۇرپانغا ئىمىن خوجاخان ، سەئىدخان ، باباچاقخان ۋە ئابدۇخېلىلخان قاتارلىق تۆت ئوغلىنى بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى . تۇرپان ئەمىرى مەنسۇرخان ئىنىلىرىنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدى . ئۆزىنىڭ ئەمىرلىك سالاھىيىتىنى ئۇنتۇپ ، يېتىپ - قوپۇشتىن تارتىپ ئويۇن - تاماشالارغىچە ئىنىلىرى بىلەن بىللە بولدى . ئوغۇللىرىنىڭ شۇ قەدەر ئامراق ، ئىجىللىقىنى كۆرگەن سۇلتان ئەھمەدخانمۇ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن ۋاقىتلىق ئازاد قىلىپ ، ئىنىلىرىغا ھەمراھ بولۇشقا ئىجازەت بەردى .

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ تۆت ئوغلىنى تۇرپانغا بىللە ئېلىپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىمۇ شۇ ئىدى . ئۇ باشقا ئانىلاردىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرىنىڭ كۆپرەك بىللە بولۇپ ، سىردىشىپ ، قېرىنداشلىق مېھرىنى چىڭىتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . مىرزا ئابابەكرىگە تارتتۇرۇپ قويغان زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئارمىنىنى مۇشۇ ئوغۇللىرىغا باغلىغانىدى . يېشى تېخى 40 كە بارمىغانلىقى ، شۇنداقلا ئوغۇللىرىنىڭ يېشىنىڭمۇ كىچىكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، تېخىچە ۋەلىئەھد بېكىتمىگەنىدى . بىر نەچچە قېتىم ئوردا كېڭەشىدە بىر قىسىم ئەمىرلەر ۋەلىئەھد تاللاش توغرۇلۇق تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ ، ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرۇۋالغانىدى . بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب ، موغۇل خانلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە چوڭ ئوغۇل تەبىئىي ھالدا ۋەلىئەھد بولاتتى . سۇلتان ئەھمەدخانمۇ مۇشۇ ئۇدۇمنى ياقلايتتى . چۈنكى بۇنداق قىلغاندا ، خان جەمەتى ئارىسىدا نارازىلىق ، نىزا - ئاداۋەتلەر

ئاز بولاتتى. شاھزادىلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق، مېھىر-مۇھەببەتكىمۇ دەز كەتمەيتتى. ئەمما، كۆپ قىسىم ئوردا ئەمىرلىرىنىڭ ۋەلىئەھد تاللاشتا باشقىچە قارىشى بار ئىدى. ئۇلار ئۈچىنچى شاھزادە سەئىدخاننى ۋەلىئەھد قىلىپ تىكلەش ئارزۇسىدا ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلىكمۇ سۇلتان ئەھمەدخان ئەقىل كىرىشكە باشلىغان تۆت ئوغلىنى چوڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە تۇرپانغا كەلگەنىدى. ئۇ ئوغۇللىرىنىڭ شۇ قەدەر يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ چوڭ ئوغلى مەنسۇرخاننىڭ ئىنىلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خېلىلا خاتىرجەم بولدى ۋە ئۇلارنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

بۈگۈن مەنسۇرخان تۆت ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ 100 نەپەر نۆكىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىكارغا چىققانىدى. شىكار پېشىن ۋاقتىغىچە ئانچە قىزىمىدى. سەۋەبى ئۇلارغا ئۇۋلىغۇدەك تۇزۇك ئولجا ئۇچرىمىدى. ئۇلار پېشىن نامىزىنى ئوتتۇرا ياشلىق قۇشبېگى① نىڭ ئىمامەتچىلىكىدە ئوقۇۋېلىشقاندىن كېيىن چۈشلۈك غىزا يېيىشتى. غىزا شاھزادىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى ئانچە قوزغىيالمىدى. چۈنكى چاناشتىكى سۇمۇ، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈملەرمۇ چۆل ئاپتىپىدا ئىسسىپ بەتتام بولۇپ قالغانىدى.

قۇياشنىڭ غەربىي ئۇپۇققا قىيسىيىشىغا ئەگىشىپ چۆل ھاۋاسى ئاستا-ئاستا سالقىنداشقا باشلىدى. كېيىن بىر ئاز غۇر-غۇر شامال چىقتى. گەرچە شامال ئىسسىق بولسىمۇ، چۈش ۋاقتىدىكى تىنجىق ھاۋاغا قارىغاندا ئادەمگە خېلىلا

---

① قۇشبېگى — شىكارغا مەسئۇل بەگ.

ھۆزۈر بېغىشلايتتى . چېدىرنىڭ ئىچىدىكى تىنجىقتا تۇزۇك ئارام ئالالمىغان سەئىدخان سىرتقا چىقىپ ھاۋانىڭ خېلىلا سالقىنداپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ئاكا ـ ئىنىلىرىنى شىكارغا چىقىشقا ئالدىراتتى .

— خېلىلا سالقىنداپتۇ . تىنجىق چېدىردا قىينىلىپ ياتقۇچە يۈرۈڭلار ، يەنە بىردەم شىكار قىلايلى .

— يا تۇزۇك ئوۋ ئۇچرىمىسا ، نېمە قىلىمىز ئىسسىقتا ئاۋارە بولۇپ ؟ — دېدى ئىمىن خوجاخان ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي .

— ئوۋ دېگەن ئۆزلۈكىدىن ئوۋچىنىڭ ئالدىغا كەلمەيدۇ ـ دە ، ئاغا ، — دېدى سەئىدخان كۈلۈمسىرەپ ، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ھوزۇرنلۇق قىلماي ، ئىنچىكلەپ ئىز ئىزلىساق ئوۋغىمۇ ئۇچراپ قالارمىز .

— شۇنداق قىلايلى ، — دېدى مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ ، — شۇنچە ھەشەم تارتىپ شىكارغا چىققىنىمىزغا چۈشلۈق تۇزۇك ئوۋ ئوۋلىيالمىساق ، خان ئاتىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزگە سەت . شۇنچە ھاۋالىق باغۇ بېھىشلەرنى تاشلاپ بۇ چۆلدە چېدىر تىكىپ ياتقاندىن كۆرە ئوۋ ئىزدەيلى .

نۆكەرلەر بىردەمدىلا چېدىرلارنى چۇۋۇپ يىغىشتۇردى . شۇ ئەسنادا قۇشبېگى ئەۋەتكەن تەجرىبىلىك ئىككى ئىزچىمۇ قايتىپ كەلدى . ئەسلىدە قۇشبېگى چۈشلۈك غىزادىن كېيىنلا ئىككى ئىزچىنى ئوۋ ئىزدەشكە ئەۋەتكەنىدى .

— تاپالىدىڭلارمۇ ؟ — تەقەززالىق بىلەن سورىدى قۇشبېگى ئىزچىلاردىن .

— تاپتۇق بېگىم . كۆنگەي تەرەپنىڭ 10 نەچچە چاقىرىم

نېرىسىدىكى بەلدە نۇرغۇنلىغان جەرەنلەرنىڭ ئىزى ئۇچرىدى . ماياقلىرىنىڭ يېڭى ھەم قۇرۇپ كەتمىگەنلىكىدىن قارىغاندا ئۇلار ئاشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن .

ئىشەنچلىك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شاھزادىلەر قايتىدىن جانلاندى .

— قېنى يول باشلا ! — دېدى مەنسۇرخان ئىزچىلارغا پەرمان بېرىپ .

يۇزلىگەن ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلدى . ئۇلار ئىزچىلار جەرەن ئىزىنى بايقىغان يەرگە كەلگەندە ، غۇر - غۇر شامال خېلىلا كۈچىيىپ قالغانىدى .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا بۈگۈن تەلىيىمىز بار ئوخشايدۇ ، — دېدى مەنسۇرخان شامالنىڭ كۈچەيگىنىدىن خۇش بولۇپ ، — جەرەنلەر كۈچلۈك شامالدا ئادەم ھىدىنى سېزەلمەيدۇ . ھەممىيلەن تەڭلا ھۇجۇم قىلماي بەش توپقا بۆلۈنۈپ قورشايلى .

شاھزادىلەرنىڭ ھەربىرى 20 دىن نۆكەرنى ئەگەشتۇرۇپ بەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئورمانلىقتا قاراپ ئات سالدى .

ئىزچىلار خاتالاشمىغانىدى . بىر توپ جەرەنلەر قويۇق چاتقاللار ئارىسىدا بەخىرامان ئوتلاۋاتاتتى . ئوۋچىلار ئۇلارغا قاراپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن يېقىنلىشىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز ئۇنلىغان يا ئوقلىرى جەرەنلەر توپىغا قاراپ ۋىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى . دەھشەتلىك بىر خەۋپنى كېچىكىپ سەزگەن جەرەنلەر جانلىرىنى ئېلىپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى . ئوقلار كەينى - كەينىدىن ئېتىلدى . بوينىغا ، قورسىقىغا ، سۆڭگىچىگە يا

ئوقى تەگكەن جەرەنلەر ھېچنېمىگە قارىماي جېنىنىڭ بارىچە قاچتى .

سەئىدخان جېنىنىڭ بارىچە قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئەركەك جەرەننى قوغلىغاچ يادىن ئوق ئۈزۈۋىدى ، ئوق دەل جەرەننىڭ سۆڭگىچىگە سانجىلدى . ئوق تېگىشى ھامان جەرەن سەل - پەللا مۈدۈرىدى - يۇ ، يەنە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى . سەئىدخان ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئېتىنىڭ سۆڭگىچىگە قاتتىق ئىككى قامچا سالدى - دە ، يانى بوينىغا ئېسىۋېلىپ ، ئېگەرنىڭ قۇش بېشىدىكى مەشۈتتىن ياسالغان سالمىنى قولىغا ئالدى . شۇ تاپتا ئۇ كۆزى يەتكەن ھامان سالمىنى جەرەنگە تاشلاشقا تەييارلانغانىدى .

دەل شۇ چاغدا باياتىن بېرى كۈچىيىشكە باشلىغان شامال بىردىنلا قارا بورانغا ئۆزگەردى - دە ، ھاۋانى سارغۇچ تۇمان باستى . تۇمان بىردەمدىلا شۇنچىلىك كۈچەيدىكى ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن توپا - قۇم دانچىلىرى ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايتتى . سەئىدخان ئېتىنىڭ بېشىنى ئاران - ئاران ئىلغا قىلاتتى . ئەزەلدىنلا قامچا يەپ باقمىغان ئۇچقۇر ئات تىزگىنىدىن چىقىپ كەتكەنىدى .

قارا بوران تۈن تەڭ بولغاندا پۈتۈنلەي توختىدى . ئاسماندا غۇۋا ئاي ، خىرە - شىرە يۇلتۇزلار كۆرۈندى . بىر دۆڭنىڭ يوتىسىدا بوراننىڭ توختىشىنى بىتاقەتلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغان مەنسۇرخان نۆكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈردى .

— چاققان بولۇڭلار ، ئەتراپتىن شاھزادىلەرنىڭ دېرىكىنى ئېلىڭلار ، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، ئۆزىمۇ ئىككى نۆكىرى بىلەن ئەتراپنى ئىزدەشكە كىرىشتى . قارا بوران قانداق تېز چىققان بولسا ، بوراندىن كېيىن ھاۋامۇ

شۇنچە تېز سۇزۇلدى . كۆك قەھرىدىكى تولۇن ئاي بارغانسېرى نۇرلىنىپ ، جۇلالىنىپ زېمىننى يورۇتتى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۇمەنلىگەن يۇلتۇزلار جىمىرلىدى . مەنسۇرخان ئانچە كۆچمەيلا ئىمىن خوجاخان بىلەن ئابدۇخېلىلخاننى تاپتى . ئۇلار 20 گە يېقىن نۆكەرلىرى بىلەن بىر دۆمبەلچەكتە بوراندىن دالدىلانغانىدى . مەنسۇرخان ئىنىلىرىدىن ئالدىراپ سورىدى :

— سەئىدخان بىلەن باباچاقخاننى كۆردۈڭلارمۇ ؟

— ياق ، بىزمۇ سىلەرنى ئىزدەيلى دەپ تۇرغان . ئۇلارغا بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە ، ئاغا ؟

— خۇدايىم ساقلار ، — دېدى مەنسۇرخان ئەندىشىسىنى يوشۇرۇپ ، — جۇرۇڭلار بىللە ئىزدەيلى .

مەنسۇرخان ئېتىنى دېۋىتىپ تۇرۇشىغا يىراقتىن بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى . شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۈمىد شامى ئاجىز پىلىلدىدى ـ دە ، ئېتىغا قامچا سالدى . ئاتلىقلارنىڭ ئارىسىدا باباچاقخان بار ئىدى . ئۇلارنى مەنسۇرخاننىڭ نۆكەرلىرى باشلاپ كېلىۋاتاتتى .

— سەئىدخاننى تاپالمىدىڭلارمۇ ؟

نۆكەرلەر بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى . مەنسۇرخان نۆكەرلىرىنى ئىدىتلىۋىدى 77 چىقتى . سەئىدخاندىن باشقا يەنە 23 نەپەر نۆكەرمۇ يوق ئىدى . مەنسۇرخان 17 نۆكىرىنى ئۈچ ئىنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قالدۇرۇپ ، قالغان 60 نۆكىرىنى سەئىدخان بىلەن 23 نۆكەرنى ئىزدەشكە بۇيرۇدى .

مەنسۇرخان ئات ئۈستىدە ئەتراپقا توختىماي نەزەر تاشلايتتى . ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ ،

تىرىققىدە قىلغان كىچىككىنە شەپىنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمايتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇتكۇل سەزگۈلىرى ئاجايىپ ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنىدى .

— ئەمىر جانابلىرى ، ئاتتىن چۈشۈپ بىر دەم ئارام ئېلىۋالسىلا .

مەنسۇرخان ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان قۇشبېگىنىڭ تەكلىپىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى :

— نۆكەرلەرگە پەرمانىمنى يەتكۈزسىلە ، ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇن دۆۋىلەپ گۈلخان ياقسۇن .

ھەش - پەش دېگۈچە دۆڭنىڭ ئۈستىدە غايەت زور بىر گۈلخان پەيدا بولدى . نۆكەرلەر گۈلخانغا توختىماي ئوتتۇن تاشلايتتى . قاقشال بولۇپ كەتكەن سۆك - سۆكلەر چاراسلاپ كۆيەتتى . 10 نەچچە گەز ئېگىزلىكتە كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى تۈن باغرىنى تىلغاپ ئەتراپقا شولا چاچاتتى . مەنسۇرخان بۇ ئوت يالقۇنىنىڭ تۈن قوينىدا بىر نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىنمۇ كۆرۈنىدىغانلىقىنى ، ناۋادا سەئىدخاننىڭ بۇ ئوت يالقۇنىنى كۆرسە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزملەشتۈرسىمۇ ، يەنىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتاتتى . ئۇ تېخىچىلا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى . تولۇن ئاي غەربىي ئۇپۇققا ئاستا - ئاستا سىلجىيتتى . نۆكەرلەر گۈلخانغا توختىماي ئوتتۇن تاشلايتتى . قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن ، بىر چاغدا سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ، شەرقىي ئۇپۇق سۇزۇلۇشقا باشلىدى . تۈن پەردىسى ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ زېمىن يورۇشقا باشلىدى . ئانچە ئۆتمەيلا شەرقىي ئۇپۇق سۇس قىزىرىپ كېيىن قېنىق قان رەڭگە كىردى - دە ، چۆللۈكنىڭ بىر چېتىدىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ

چىقىشقا باشلىدى .

يىتىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەشكە كەتكەن نۆكەرلەر بىر - بىرلەپ تولۇق قايتىپ كەلدى . ئۇلار 23 نۆكەرنى تولۇق ئىزدەپ تاپقانىدى . 10 نەچچە نۆكەر ئاتتىن يىقىلىپ قول - پۇتلىرىنى سۇندۇرۇۋالغانىدى . پەقەت سەئىدخانلا تېپىلمىغانىدى . نۆكەرلەر خىجىللىق بىلەن باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشتى .

تۈن نىسپىدىن كېيىن نۆكەرلەر راسلاپ بەرگەن يۇمشاق تۆشەكتە يېتىپ ئۇخلاپ قالغان شاھزادىلەر ئاتلارنىڭ پۇشقىرىشىدىن ئويغىنىپ كېتىشتى ۋە سەئىدخاننىڭ تېخىچىلا دېرىكى بولمىغانلىقىنى بىلىپ بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قاراشتى . شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ، ھەسرەت چۇلغىۋالغانىدى .

— سەئىدخان ئاغام نەگىمۇ كەتكەندۇ ؟ سىلەر نېمىشقا ئۇنى ئىزدىمىدىڭلار ؟

شاھزادە ئابدۇخېلىلخان شۇنداق دېدى - دە ، پاكىكىدە يىغلىۋەتتى . ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شاھزادە باباچاقخانمۇ خىتىلداشقا باشلىدى .

— ئەزىز ئىنىلىرىم ، سەۋر قىلىشسىلا ، — دېدى مەنسۇرخان كۆز چاناقلىرىغا لىق تولغان يېشىنى سىرتقا چىقارماسلىققا تىرىشىپ ، — سەئىدخانغا ھېچنېمە بولمايدۇ .

گەرچە ئۇ ئىنىلىرىغا تەسەللىي بېرىپ شۇنداق دەپ قويغان بولسىمۇ ، سەئىدخاننىڭ ھېچنېمە بولماسلىقىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمەيتتى . ۋۇجۇدۇنى چىدىغۇسىز بىر ۋەھىمە ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغانىدى . يۈرىكى پىچاق تىققاندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى . ئەگەر ئاۋازى يەتسە پۈتكۈل جاھانغا

«ئىنىم سەئىدخان ، قايداسەن ؟» دەپ توۋلىغۇسى كېلەتتى . تۇن نىسپىدىن تارتىپ ئات ئۇستىدە مىدىرلىماي ئولتۇرغانلىقى ئۇچۇن يوتا - پاقالچەكلىرى ئۇيۇشۇپ ، كاسسا بەللىرى تېلىپ كەتكەنىدى . ئەمما ئۇ بۇ ئازابنى قىلچىلىك ھېس قىلمايتتى . پۇتۇن ئەس - يادى سەئىدخاندا قالغانىدى . كۆزلىرى يىراق - يىراقلارغا تەلمۈرەتتى . بىر كېچە ئۇيقۇسىز قالغانلىقى ئۈچۈن كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى .

— قاراڭلار ، ئەنە كېلىۋاتىدۇ !

قايسىبىر نۆكەرنىڭ توۋلىغان بۇ ئاۋازىدىن مەنسۇرخاننىڭ يۈرىكى چەكسىز بىر ھاياجاندىن گۈپۈلدىدى . كۆز ياشلىرى يار ئالغان توغاندەك تاراملاپ تۆكۈلدى .

يىراقتىن بىر ئاتلىق ئۇلار تەرەپكە چېپىپ كېلىۋاتاتتى . مەنسۇرخان مۈگدەپ تۇرغان ئېتىغا قاتتىق قامچا سالدى . تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈگەن ئات يادىن چىققان ئوقتەك ئۇچتى . باشقىلارمۇ مەنسۇرخاننىڭ كەينىدىن دەمبەسقەدەم ئات سالدى .

يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاتلىق ھەقىقەتەن سەئىدخان ئىدى . ئۇمۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ ئېتىنى ئالدىراتتى . مەنسۇرخان سەئىدخاننىڭ قېشىغا يېقىن كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى زەرب بىلەن تارتتى . بار كۈچى بىلەن چېپىپ كېلىۋاتقان ئات ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆرە بولدى - دە ، قاتتىق كىشنىۋەتتى .

ئاكا - ئۇكىلار ئاتلىرىدىن تەڭلا سەكرەپ چۈشۈشتى - دە ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . شۇ چاغدىلا مەنسۇرخان ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى ۋە سەئىدخاننىڭ مەڭزىگە

يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيدى . مەنسۇرخاندىن كېيىن قالغان ئۈچ قېرىندىشىمۇ سەئىدخان بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .
سەئىدخاننىڭ ئېتىنىڭ كەينىگە بىر جەرەن غانجۇغىلانغان بولۇپ تېخىچىلا تىرىك ئىدى . سۆڭگۈچىگە سانجىلغان يا ئوقى شۇ پېتىچە تۇراتتى . سەئىدخاننىڭ ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قارا بوراندا بۇ جەرەننى قاندان قىلىپ تىرىك تۇتۇۋالغانلىقى بىر سىر ئىدى . جەرەنگە كۆزى چۈشكەن مەنسۇرخان ئىنىسىنىڭ باتۇرلۇقىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى .
ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن بورانلىق تۈندىكى ئوۋ بۇ ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى قايتىدىن چىڭىتقانىدى .

## — 5 —

مىلادىيە 1501 ـ يىلى ياز ، سايرام .
سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ سايرام ۋادىسىدىكى كەڭرى يايلاقتا جايلاشقان يازلىق كۆچمە ئوردىسى يىراقتىن تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى . ئوردىنىڭ ئەتراپىنى خىللانغان بىر تۈمەن لەشكەر ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك مۇھاپىزەت قىلىپ تۇراتتى . ئوردىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا باشقا چېدىرلاردىن چوڭلۇقى ، ھەشەمەتلىكلىكى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان چوڭ چېدىر جايلاشقان بولۇپ ، «بارگاھى ئالىي» دەپ ئاتىلاتتى . سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ خانلىق تەختى بارگاھى ئالىينىڭ تۆر تەرىپىگە جايلاشقانىدى . بارگاھى ئالىينىڭ

ئەتراپىنى خاننىڭ خىللانغان 500 نەپەر خاس نۆكىرى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلاتتى . تۆۋەن دەرىجىلىك ئوردا مەھرەملىرى ۋە خىزمەتچىلەر بۇ يەرگە خالىغانچە يېقىنلىشالمايتتى . بارگاھى ئالىينىڭ ئەتراپىدىن بىر چاقىرىم دائىرە بوشلۇق ئىدى . ئۇنىڭ سىرتىغا خانىش ، توقال - ئايىملارنىڭ ۋە شاھزادە - مەلىكىلەرنىڭ خاس چېدىرلىرى ، شۇنداقلا مەھرەم ، كېنىزەك ، غۇلام ، خىزمەتكارلارنىڭ چېدىر - چاقلىرى جايلاشقانىدى . بۇ چېدىرلارنىڭ ئەتراپىدىمۇ ھەر تۆت قەدەمدە بىردىن لەشكەر جېسەكچىلىك قىلاتتى . بۇ چېدىرلارنىڭ سىرتىمۇ يەنە بىر يېرىم چاقىرىم دائىرىدە بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ سىرتىدا ئوردىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمىرلىرىنىڭ چېدىر - تۇرالغۇلىرى جايلاشتۇرۇلغانىدى . كۆچمە ئوردىنىڭ سىرتىغا لەشكىرىي قارارگاھلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ ، لەشكەرلەر ھەر كۈنى لەشكىرىي ماھارەتتىن مەشىق ئېلىپ باراتتى . لەشكەرلەرنىڭ ئىنتىزامى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ ، ئانچىكىم سەۋەنلىكلەرگىمۇ قاتتىق جازا بېرىلەتتى .

بۈگۈن بارگاھى ئالىيغا ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوردا ئەمىرلىرى تولۇق يىغىلغان بولۇپ ، ئىككى سەپ بولۇپ تۇرۇشقان قەلەمدار - ئەلەمدار ئەمىرلەر خاننىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشاتتى .

— خان ئالىيلىرى كەلدى !

باش مەھرەم بېگىمنىڭ ئىنچىكە ، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن تەڭ سۇلتان ئەھمەدخان بارگاھى ئالىينىڭ تەختكە يېقىن تەرەپتىن قويۇلغان خاس ئىشىكىدىن مەغرۇر قەدەملەر بىلەن كىرىپ كەلدى . خاننى كۆرۈپ بارلىق ئەمىرلەر

دەرھال قول باغلاشقىنىچە سالام بېرىشتى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم . خان ئالىيلىرىنىڭ دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي !
سۇلتان ئەھمەدخان ئالدىرىماي بېرىپ يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئالتۇن تەختكە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى :
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئەمىرلەرگە ئىجازەت ، جاي ئالسۇنلار .
— ئالىھەزرىتىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا !
ئەمىرلەر خانغا يەنە بىر قېتىم ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە ئۆز ئورۇنلىرىدىن جاي ئېلىشتى .
— شاھزادىلەر كىرگەي .
باش مەھرەم بەگنىڭ ئۈنى ئۆچۈشى ھامان بارگاھى ئالىيغا مەنسۇرخان ، ئىمىن خوجاخان ، سەئىدخان ، باباچاقخان ۋە ئابدۇخېلىلخان قاتارلىق بەش شاھزادە كىرىپ كەلدى ـ دە ، تەختنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە سۇلتان ئەھمەدخانغا سالام بەردى .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، خان ئاتا .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئوغۇللىرىغا ئىچكۆيەرلىك بىلەن قاراپ .
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، مۆھتىرەم ئەمىرلەر ، — دېدى شاھزادىلەر ئەمىرلەرگە يۈزلىنىپ .
ئەمىرلەر دەررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ شاھزادىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىشتى .
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام . شاھزادىلەر مۇراد تاپقاي .

سۇلتان ئەھمەدخان ئوغۇللىرىغا تەختنىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە قويۇلغان كۇرسىلاردىن ئورۇن بەردى.

مەنسۇرخاندىن باشقا شاھزادىلەرنىڭمۇ بۇگۈنكى ئوردا كېڭىشىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىرلەر، بۇگۈن ئالاھىدە مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە كېڭەش بولىدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، بىر ـ بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىپ قويدى. دېمىسىمۇ ئايازبېك قۇشچى قاتارلىق بىر نەچچە نەپەر خاننىڭ يېقىنلىرىدىن باشقا ئەمىرلەرنىڭ بۇ قېتىمقى كېڭەشنىڭ مەقسىتىدىن خەۋىرى يوق ئىدى.

— جانابىي ئەمىرلىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىرلىرىگە تەكشى نەزەر تاشلاپ، — يېقىندا تاشكەنتتىكى ئاكام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىدىن جىددىي مەلۇمات كەلدى. ئاكام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرى بىلەن سەمەرقەنت ئەمىرى سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋە پەرغانە ئەمىرى سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا ئوتتۇرىسىدىكى نىزالاردىن، شۇنداقلا ئول جەننەتماكان خانلارنىڭ ۋاپاتىدىن ھەممىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار. شول كۈنلەردە ئاكام سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ كۆپ ھىممەت ـ شەپقىتىگە نائىل بولغان شايبانىخان تۇزكورلۇق قىلىپ، ئۆزبېك تائىپىلىرى بىلەن بىرلىشىپ سەمەرقەنت، پەرغانىلەرنى بېسىۋالغىنىنى ئاز دەپ، تاشكەنتكە تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ. شول سەۋەبتىن ئاكام رەزىل ياۋغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىزدىن ياردەم سوراپتۇ. مەن بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىم بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ، ئاكامغا ھەمدەم بولۇپ تۇزكور، مۇناپىق شايبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشنى قارار قىلدىم. بۇ ھەقتە جانابىي ئەمىرلىرىمنىڭ

دانا تەدبىرلىرى بولسا ئاڭلاپ باقسام دەيمەن .
— خان ئالىيلىرى شەپقەتلىكتۇر .
ئەمىرلەر خانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى . بىر ئاش پىشىمغا يېقىن تالاش - تارتىشتىن كېيىن ، خان تاشكەنتكە لەشكەر تارتىپ كەتسە ، سەلتەنەتكە كىمنىڭ پاسىبان بولۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى .
— چوڭ شاھزادە مەنسۇرخان بىر نەچچە يىلدىن بېرى تۇرپان ، قۇمۇللاردا يۇرتدارچىلىق قىلىپ ، سەلتەنەتىمىزنى خاتىرجەم ، ئاۋامنى رازى قىلىپ ، تەسەررۇپىمىزنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى ، — دېدى سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىرلەرگە تەكشى نەزەر تاشلاپ ، — شۇڭلاشقا مەن تاشكەنتكە ماڭغاندىن كېيىن مەنسۇرخان نائىب خان بولۇپ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولىغا ئالىدۇ . ئۇنىڭغا ھازىردىن باشلاپ سۇلتانلىق مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنغاي .
مەنسۇرخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ تەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى .
— خان ئاتامنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا ، ئوغۇللىرى ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن سەلتەنەتكە قارانچۇق بولۇپ ، ئۈمىدلىرىنى ئاقلىغايمەن .
— شاھزادە ئىمىن خوجاخان بىلەن ئابدۇخېلىلخان قېلىپ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ھەمدەم بولىدۇ .
— خان ئاتامنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا ، پەرمانبەردارمىز ، — دېدى ئىككى شاھزادىمۇ تەختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ .
لەشكىرى دىۋاننىڭ ئەمىرى بۇ قېتىمقى لەشكىرى يۈرۈشكە بېكىتىلگەن ئەمىر - سەركەردىلەرنىڭ رويخېتىنى

ئوقۇدى .

— خوش ، ئۇنداق بولسا لەشكىرىي يۈرۈشكە تاللانغان ئەمىر ـ سەركەردىلەر لەشكىرىي دىۋانغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ ، خەزىنىدىن ئۈچ ئايلىق تەمىناتىنى ئالدىن ئېلىۋالغاي ، — سۇلتان ئەھمەدخان شۇنداق دېدى ـ دە ، كېڭەشنىڭ تامام بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى . بارلىق ئەمىرلەر دۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ، قول باغلاشقىنىچە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ خاننى ئۇزىتىپ قويدى .

ئۈچ كۈندىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىر ئايازبېك قۇشچى ، مىرزا ھەسەن ، ئەلى سەردار قاتارلىق 20 نەپەر ئەمىر ـ سەركەردىلىرى بىلەن 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتى . بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننىڭ ئارىسىدا شاھزادە سەئىدخان بىلەن ئىنىسى باباچاقخانمۇ بار ئىدى .

سەئىدخان تولىمۇ خۇشال ئىدى . ئۇ شۇ تاپتا نامىنى ئاڭلاپ ، خۇددى چۆچەكلەردىكى ساماۋى شەھەرلەردەك ھېس قىلىدىغان تاشكەنت ، سەمەرقەنت ، ئەنجان شەھەرلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغانلىقىدىن خۇش بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن تېخىچە چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان ۋە 12 ياش ۋاقتىدىلا دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئورنىغا خان بولۇپ ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى باشلاپ ، شايبانىخان بىلەن جەڭ قىلىپ ، نامى ئەل ئارىسىغا داستان بولغان نەۋرە ئاكىسى زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر مىرزا بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىدىن ھاياجانلىناتتى . شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئېتىغا توختىماي قامچا سېلىپ قوشۇننىڭ

ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى . تۇغچى بەگ[①] بولسا ئۇنى ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن بەلگىلەنگەن سەپتە مېڭىشقا جورۇيتتى . ئۇ ئىلاجسىز سەپكە قايتىشقا مەجبۇر بولاتتى .

30 - يىلى كىشىلىك ھەيۋەتلىك قوشۇن يوللاردا ئاۋامنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ھەمدە لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بوستانلىقلارنى تاشلاپ ، خەتەرلىك بولسىمۇ ئۇدۇل بولغان تاغ ۋە چۆل يوللىرى بىلەن ماڭدى . بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان شەھەرلەرگە دۇچ كەلگەندە ، 10 ـ 20 چاقىرىم يولنى ئارتۇق ماڭسىمۇ ئىمكان بار ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئوشقا يېتىپ كەلگەندە سەئىدخان ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىر خۇشاللىق يۈز بەردى . ئۇ ئايرىلىپ كەتكىلى ئىككى يىل بولغان دوستى ھەم نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەر بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدى . ئەسلىدە مىرزا ھەيدەرنىڭ دادىسى مىرزا ھۈسەيىن كۆرەگانى بۇنىڭدىن خېلى يىللار بۇرۇن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوشنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىنىپ ، بۇ يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دادىسىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى . ئىككى دوست بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى .

مىرزا ھەيدەر بىلەن ئوغلى سەئىدخاننىڭ تەلىپىگە بىنائەن سۇلتان ئەھمەدخان مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈشكە قاتنىشىپ تاشكەنتكە بېرىشىغا قوشۇلدى .

ئۇلار ئوشتا ئۇزاق تۇرمىدى . مىرزا مۇھەممەت

---

① ھەربىي يۈرۈشتە قوشۇننىڭ تەرتىپىگە مەسئۇل بەگ .

ھۆسەيىن كۆرەگانى سۇلتان ئەھمەدخاننى كاتتا زىياپەت بىلەن ئۇزىتىپ قويدى . باش - ئاخىرىغا كۆز يەتمەيدىغان بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننىڭ سۇر - ھەيۋىسىدىن تاغۇ تاشلار لەرزىگە كېلەتتى .

## — 6 —

سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسى سۇلتان مەھمۇدخان ھۇزۇرىغا چاپارمەن ماڭغۇزۇۋەتكەنىدى . شۇڭلاشقا ، سۇلتان مەھمۇدخان تاشكەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتا بارگاھ تىكىپ ، ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ساقلاپ تۇرغانىدى . كۆرۈشمىگىلى 10 يىل بولغان ئاكا - ئۇكىلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسىنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر - سەركەردىلىرى بىلەن شاھ چېدىرىغا باشلىدى . ئادەتتىكى ئەمىر - سەركەردىلەرمۇ ئۆز لايىقىدا كۇتۇۋېلىنىدى .

شاھ چېدىرىغا كىرگەندىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان قائىدە - يوسۇن بويىچە قول باغلاپ تۇرۇپ ئاكىسى چوڭ خانغا قايتىدىن سالام بەجا كەلتۇردى .

— خان ئالىيلىرىغا ئېھتىرام بولغاي . ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي .

— ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي ، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسىنى قايتا قۇچاقلاپ ، — ئەزىز ئىنىم ئاران تەستە دىدار - مۇلاقەت بولۇشقاندا قائىدە - يوسۇن تەكرارلاش بىھاجەتتۇر .

ئاكا ـ ئۇكا خانلار مەرھۇم دادىسى سۇلتان يۇنۇسخاننى ئەسلىشىپ بىر پەس يىغا ـ زار قىلىشتى ۋە ئەمىرلەر قايتا ـ قايتا تەسەللى بېرىشكەندىن كېيىن توختاپ قېلىشتى.

سۇلتان ئەھمەدخان ئاكىسىغا ئوغلى شاھزادە سەئىدخان بىلەن شاھزادە باباچاقخاننى تونۇشتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خان ئاتا، ئەزىز تەنلىرى سالامەت بولغاي.

ئىككى شاھزادە قول باغلاپ تۇرۇپ چوڭ خانغا سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — سۇلتان مەھمۇدخان سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن ئىككى شاھزادىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، — يارانقان ئاللا ئىگەم بەختىڭلارنى بېرىپ، مۇرادىڭلارنى ھاسىل قىلغاي بالىلىرىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان ئەھمەدخان ئەمىر ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ھەسەن، ئەلى سەردار قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى تونۇشتۇردى.

سۇلتان مەھمۇدخانمۇ ئاۋۋال پەرزەنتلىرىنى ئىنىسىغا تونۇشتۇرۇپ سالام بەرگۈزدى. ئاندىن كېيىن زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇرنى تونۇشتۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كىچىك خان ئاتا. قۇتلۇق قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي، — دېدى بابۇر مىرزا قول باغلاپ تۇرۇپ.

سۇلتان ئەھمەدخان بابۇر مىرزىنى بالا ۋاقتىدا بىر قېتىم كۆرگەن بولغاچقا، تونۇيالماي ئۇنى ئاكىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك سەركەردىلىرىدىن بولسا كېرەك دەپ

ئويلاپ قالغانىدى . شۇڭلاشقا ، ئالمان ـ تالمان كېلىپ قۇچاقلىدى .
— كۆزۈمنىڭ كورلۇقىدىن جىيەن ئوغلۇمنى تونۇيالماي قاپتىمەن ئەمەسمۇ ، مېنى كەچۈرسىلە بالام . جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇكلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن تولىمۇ كېچىكىپ خەۋەر تاپقانلىقىم ئۈچۈن ئالدىلىرىغا ئەھۋال سوراپ كېلەلمىدىم .
گەرچە بابۇر مىرزا سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ، هازىر ئۇ مەرھۇم دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بولغاچقا ، مەرتىۋىسى ئوخشاش ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇ بابۇر مىرزىغا ئالاھىدە هۆرمەت ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتاتتى .
— ئۇنداق دېمىسىلە كىچىك خان ئاتا . جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇكۇمنىڭ ئاتا مىراس زېمىنلىرىنى مۇناپىق شايبانىخاننىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاقتىن لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىرىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەسەللى ، — دېدى بابۇر مىرزا .
سۇلتان مەھمۇدخان يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىر ـ سەركەردىلىرىنى ئىنىسىغا بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە جاي ئېلىشتى . سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بابۇر مىرزىغا ئوڭ ـ سول تەرىپىدىن ئورۇن كۆرسەتتى .
سەئىدخانغا جەڭ كىيىمى كىيىۋالغان بابۇر مىرزا تەسەۋۋۇر قىلغىنىمۇ نەچچە ھەسسە غەيۇر ، باھادىر بولۇپ كۆرۈندى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇنچە ياش تۇرۇپ پىشقان

سەركەردىلەرگە خاس سالاپەت بىلەن گەپ قىلىشى ، يۈرۈش - تۇرۇشى ، سالقىن نەزەر بىلەن قاراشلىرى بەكمۇ ياقتى . نەۋرە ئىنىسى سەئىدخاننىڭ ئۆزىگە ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن بابۇر مىرزىمۇ ئۇنىڭغا چوڭقۇر بىر نەزەر تاشلىدى - دە ، سۈس كۈلۈمسىرىدى .

بىكاۋۇل ئەمىر① سۇلتان مەھمۇدخاندىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن رەسمىي داستىخان راسلىدى . سۇلتان ئەھمەدخاننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نەچچە يۈزلىگەن كالا ، نەچچە مىڭلىغان قوي سويۇلۇپ كاتتا زىياپەت ھازىرلانغانىدى.. شاھ چېدىرىدىكى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كىچىك شىرەلەر شورپا ، تونۇر - زىخ كاۋاپلىرى ، بۇغا ، قىرغاۋۇل ، كەكلىك ، ئۇلا گۆشلىرى قاتارلىق تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى .

سۇلتان مەھمۇدخان ، سۇلتان ئەھمەدخان ۋە بابۇر مىرزىلارنىڭ ئالدىغا ئالتۇن قەدەھتە ، قالغان ئەمىرلەرنىڭ ئالدىغا كۈمۈش قەدەھتە شاراب كەلتۈرۈلدى . ئەينى يىلى دادىسى بىلەن بىللە تۇرپانغا بارغان چېغىدا ئاكىسى مەنسۇرخان بىلەن تۇنجى قېتىم شارابقا ئېغىز تەگكەن سەئىدخان كېيىنكى كۈنلەردە پات - پات شاراب ئىچىدىغان بولۇپ قالغانىدى . گەرچە بۈگۈن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن تۇنجى شاراب سورۇنىدا تۇنجى ئولتۇرۇشى بولسىمۇ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن دادىسى ۋە خان تاغىسىدىن ئانچە تارتىنىپ - قورۇنۇپ ئولتۇرمايلا كۈمۈش جامدىكى شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى .

---

① مېھمان كۈتۈشكە مەسئۇل ئەمىر .

يېقىملىق مۇقام كۈيلىرى لەرزان ياڭرايتتى . ئاكا ـ ئۇكا خانلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى . ئىككى خاننىڭ ئەمىرلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل ئىزھار قىلىشاتتى . مىرزا ھەيدەر شاراب ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈن سەئىدخان ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان ئادەم تاپالماي تازا ئىچى پۇشتى . ئۇ دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ ، ئارتۇقچە گەپ قىستۇرماي ئولتۇرغان بابۇر مىرزىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى . ئۇ شارابنى سۇدەك ئىچىدىغان ، شۇ سەۋەبلىك تېزلا مەست بولۇپ قالغان نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەدخاندىن بىزار بولۇپ قالغانىدى . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ بۇ چوڭ شاھزادىسى خېلىلا ھاكاۋۇر ئىدى . ئۇ سەئىدخاننى كۆزگە ئىلمىغاندەك ئانچە ئېتىبار قىلىپ كەتمەي ، بىقىنىدىكى ئەمىر بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى . گەپ سۆزلىرى ھەم لاۋزا ھەم تاققا ـ تۇققا ئىدى . ئەمىرلەر ئۇنىڭ تېتىقسىز پاراڭلىرىغا زورىغا قۇلاق سېلىپ خۇشامەتكۈيلۇق بىلەن ھىجىيىشاتتى .

شۇ ئەسنادا بابۇر مىرزا لىق شاراب تولدۇرۇلغان ئالتۇن جامنى كۆتۈرۈپ سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كەلدى . سەئىدخان بىلەن بىر شىرەدە ئولتۇرغان شاھزادە مۇھەممەدخان ، بابۇر مىرزا شاراب تۇتۇش ئۈچۈن ئالايتەن ئالدىمغا كەلگەن ئوخشايدۇ ، دەپ چۈشەندى ـ دە ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى . بابۇر مىرزا سۇس تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ قولىدىكى ئالتۇن جامنى سەئىدخانغا تەڭلىدى .

— كەلسىلە ئەزىز ئىنىم . ئاددي بولسىمۇ بۇ بىر جام

شاراب بىلەن ئۆزلىرىدىن ھاردۇق سورىۋالاي .

بابۇر مىرزىنىڭ ئۆزىگە بۇنچىۋالا كاتتا ھۆرمەت بىلدۇرۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن سەئىدخان چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ــ دە ، ھۆرمەت بىلەن قول باغلىدى .

— بۇنچىۋالا كاتتا ئىززەت كۆرسىتىشلىرىگە لايىق ئەمەسمەن ، شاھ ئاغا .

— ئەزىز ئىنىم ، زىنھار ئۇنداق دېمىگەيلا . ھەممىمىز بىر نەسىلنىڭ پۇشتىدىنمىز . ۋەھشىي ياۋغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرىمىز دەپ جەم بولغان بۇ خاسىيەتلىك سورۇندا نەسەب ــ مەرتىۋە سۈرۈشتۈرۈش بىھاجەت .

بابۇر مىرزىنىڭ بۇ سۆزلىرى شاھزادە مۇھەممەدخاننىڭ يۈزلىرىنى چىمىلداتتى . ئادەتتە ئۇنىڭ ۋەلىئەھدلىكنى پەش قىلىپ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشلىرىنى بابۇر مىرزا ياراتمايتتى .

سەئىدخان ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماي بابۇر مىرزىنىڭ قولىدىن ئالتۇن قەدەھنى قوش قوللاپ ئالدى .

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقالىلا ، شاھ ئاغا .

بابۇر مىرزا شىرەدىكى سەئىدخاننىڭ لىق شاراب تولدۇرۇلغان كۈمۈش جامىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ دېدى :

— نامەرد شايبانىخاننى مەغلۇپ قىلىپ بۈيۈك سەلتەنەتىمىزنى روناق تاپقۇزۇشىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى .

ئىككى نەۋرە قېرىندىشىنىڭ دوستلارچە قىلىشقان ئۇلپەتچىلىكىنى كۆرۈپ تۇرغان شاھزادە مۇھەممەدخاننىڭ شاراب تەسىرىدە قىزارغان ئاق پىشماق چىرايى سېزەرلىك تاتاردى .

سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى تاشكەنت شەھىرىنىڭ سىرتىدا قارارگاھ قۇرۇپ جايلاشتى .

سۇلتان ئەھمەدخان خوتۇن - بالىلىرىنى باشلاپ ، ئاكىسى مەھمۇدخاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوردىسىغا كىرىپ ئانىسىغا ، ئىگىچىلىرىگە ۋە ئاكىسىنىڭ خانىش - بانۇلىرىغا سالام بەردى .

ئەتىسى ھەشەمەتلىك شاھنىشىندا بولغۇسى جەڭ ھەققىدە لەشكىرىي كېڭەش بولدى . كېڭەشكە سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلىرىمۇ قاتناشتى ، كېڭەشتە ئاۋۋال ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىش ياكى سەمەرقەنتتىن ئەنجانغا نۇرغۇن لەشكىرى بىلەن ھەمدەمگە كېلىۋاتقان شايبانىخانغا توسۇپ زەربە بېرىش مەسىلىسىدە ئۇزاق تالاش - تارتىش بولدى .

— ئاۋۋال ئەنجاننى ئالغىنىمىز ئەۋزەل ، — دېدى بابۇر مىرزا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شايبانىخانغا ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش تەدبىرىگە قوشۇلماي ، — ئەنجاننىڭ سېپىللىرى ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ، پۇقرالىرى باي ، سۈيى ، ئوزۇق - تۈلۈكى يېتەرلىك . شۇڭا ، شايبانىخان كېلىپ بولغۇچە ئەنجاننى قولىمىزغا ئېلىۋالساق بىرىنچىدىن ، كىچىك خان ئاتامنىڭ لەشكەرلىرىگە پاناھلىنىشقا مۇۋاپىق جاي چىقىدۇ . ئىككىنچىدىن ، سەركەردە - لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى ئاشىدۇ . ئۈچىنچىدىن ، ئەنجان شەھىرى شايبانىخان لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقىمۇ ، مۇداپىئەلىنىشكىمۇ ئەپلىك . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجاننى ساقلاۋاتقان ئۇزۇن ھەسەن تۇتامى يوق ، ئىككى يۈزلىمچى ئادەم . شۇ تاپتا ئۇ كىچىك خان ئاتامنىڭ شەرقىي موغۇلىستاندىن نەچچە تۈمەن باھادىر سەركەردە - لەشكەرلەرنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ چوقۇم

شايبانىخاندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى . مۇشۇنداق پۇرسەتتە ئەنجانغا ھۇجۇم قىلىدىغان بولساق ، ئۇ ئەنجاننى چوقۇم قارشىلىقسىزلا تاپشۇرىدۇ . ناۋادا ئەنجاننى تاشلاپ قويۇپ شايبانىخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ جەڭ قىلىدىغان بولساق ، ئۇزۇن ھەسەننىڭ شايبانىخانغا بولغان ئۈمىد - ئىشەنچى كۆچىيىدۇ - دە ، بىز بىلەن تىغمۇ تىغ قارشىلىشىشقا پېتىنىدۇ . بەلكىم شايبانىخانغا ماسلىشىپ ئارقا تەرىپىمىزدىن ھۇجۇم قىلسا ، لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇنۇپ ، ئىشەنچى ئاجىزلاپ قېلىشى مۇمكىن .

بابۇر مىرزىنىڭ تەدبىرىنى ئاڭلاپ سۇلتان مەھمۇدخان چىرايىنى پۈرۈشتۈردى . گەرچە ئۇ شۇ كۈنلەردە سەلتەنىتىگە تەھدىت سېلىپ تۇرغان شايبانىخانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ جىيەن ئوغلى بىلەن بىرلەشكەن بولسىمۇ ، ئەمما جەڭدە بابۇر مىرزىنىڭ ئاساسلىق رول ئوينىشىنى ئانچە خالىمايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئاتا جەمەتى تېمۇرىيلەر نەسلىدىن بولغان بابۇر مىرزىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈچىيىپ كېتىپ ئۆز سەلتەنىتىگە تەھدىت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەتتى ھەمدە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا تەسەررۇپىغا ئاتا جەمەتى بولغان چاغاتاي نەسلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇنىڭدىن باشقا سۇلتان مەھمۇدخان دادىسى شاھ جاھان سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، مەرھۇم دادىسى بىلەن ئاچىلىرىنىڭ ئەرلىرى بولغان سۇلتان ئەھمەد مىرزا ، سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزىلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ تەسەررۇپىغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە ئۆزبېكلەرنى كاتتىسى شايبانىخاننى قوللاپ ، ئۇنىڭغا لەشكىري ھوقۇق بېرىپ ، شايبانىخاننىڭ

ئۆز قېرىنداشلىرى بىلە جەڭ قىلىشقا سوكوت قىلغانىدى. شۇ ئارىلىقتا سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇشتۇمتۇت كېسەل بىلەن قازا قىلدى. سۇلتان ئۆمەر شەيخ مىرزا كەپتەرخانىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا قىلدى. شايبانىخان بۇ ئەپلىك پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، سەمەرقەنت، ئەنجاننى بېسىۋالدى ۋە بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر ـ قانائەت قىلماي، ئۆزىگە شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلغان ئەھمەدخاننىڭ زېمىنىغىمۇ كۆز تىكتى. مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە، شايبانىخانغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن ياردەم سورىغانىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ شايبانىخان بىلەن تېزرەك جەڭ قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تارتتۇرۇپ قويغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ چوڭ خانلىق سەلتەنىتىنى مۇستەھكەملەشكە ئالدىرايتتى.

— ئەزىز ئوغلۇم. سۇنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشتان سېلىش بىھاجەت، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئەنجاننى ساقلاۋاتقان ئۇزۇن ھەسەن قۇدرەتلىك قوشۇنىمىز ئالدىدا بىر پىچكىدۇر خالاس. ئەسلىرىدە بولسۇنكى، شاھمات ئويۇنىدا پىچكىغا زەرەر يەتكۈزمەي شاھنى مات قىلالىغان ھەقىقىي غالىبتۇر. مۇناپىق شايبانىخان بولسا ئاۋۋال مات قىلىشىمىزغا تېگىشلىك كۈچلۈك شاھتۇر. شول سەۋەبتىن ياۋنى تاشلاپ قويۇپ ئەنجاننى ئالىمىز دېسەك، تۈگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغاندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ ـ دە، لەشكەرلىرىمىز-نىڭ كۈچىنى خورىتىپ قويىمىز. ئول چاغدا كۈچلۈك ياۋغا تاقابىل تۇرمىقىمىز تەس بولۇپ قالىدۇ. بىز پەقەت

شايبانىخاننى مەغلۇپ قىلساقلا ئۇزۇن ھەسەن ، ئەھمەد تەمبەلدەك ئىككى يۈزلىمچى ئەمىرلەر ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىمىزغا كېلىپ ئەل بولىدۇ .

گەرچە بابۇر مىرزا تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاندىن «ناۋادا شايبانىخاندىن يېڭىلىپ قالساقچۇ ؟ » دەپ سورىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ ، سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ گەپ قىلماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئارتۇقچە تىركەشمىدى . شۇ تاپتا سۇلتان ئەھمەدخان بابۇر مىرزىنىڭ تەدبىرىنى توغرا تاپقان بولسىمۇ ، 10 يىلدىن بېرى ئاران كۆرۈشكەن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ساقال غېرىچلاشنى خوپ كۆرمىدى . ئاخىر لەشكىرىي يۈرۈش سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ تەدبىرى بويىچە قارار قىلىندى .

كېڭەشتە چوڭلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرغان سەئىدخان بابۇر مىرزىنىڭ تەدبىرىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى . گەرچە ئۇ تاغىسى بىلەن نەۋرە ئاكىسىنىڭ تەدبىرلىرىدىن قايسىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئانچە ئاڭقىرالمىسىمۇ ، بابۇر مىرزىنىڭ تەدبىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ، لەشكىرىي يۈرۈشكە قەلبىدىكى بۇ باھادىر ئەزىمەتنىڭ قوماندانلىق قىلىشىنى ، ئۆزىنىڭمۇ بابۇر مىرزا بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ جەڭگە كىرىشىنى بەكمۇ خالايتتى .

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بامدات نامىزىدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇدخانىنىڭ 25 مىڭ ، سۇلتان ئەھمەدخانىنىڭ 30 مىڭ ، بابۇر مىرزىنىڭ 60 مىڭ لەشكىرى سەمەرقەنتكە قاراپ يولغا چىقتى ، بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇننىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ئۇزۇن

ھەسەن نېمە قىلارنىنى بىلەلمەي پۈتــى كۆيگەن تۇخۇدەك تىپىرلىدى . ئاخىر مۇشاۋۇرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، سۇلتان مەھمۇدخانغا ئەل بولۇپ ئەنجاننى تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدى ـ دە ، قول ئاستىدىكى بارلىق سەركەردىلىرى بىلەن بىللە ئەنجان سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۈتۈپ تۇردى . ئاسمان پەلەك توپا توزىتىپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ قارىسىنى كۆرۈشــى ھامان لەشكەرلـــرىگە بۇيرۇپ شەھەرنـــىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقۇزۇۋەتتى . ئۇ بۇ ئارقىلـــق سۇلتان مەھمۇدخانغا ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچى ئىـــدى ، ئەپسۇس چوڭ قوشۇن ئەنجان شەھەر سىرتىدىكى چوڭ يول بىلەن سەمەرقەنت تەرەپكە بۇرۇلدى . بۇنى كۆرۈپ ئۇزۇن ھەسەن بىرئاز تەئەججۈپلەندى . سۇلتان مەھمۇدخان بىرەر ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولمىسۇن دەپ ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە ھەرخىل خىياللارغا ئەسىر بولۇپ ئۇزاق تۇردى . ئالاھازەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە جازا يۇرۇش قىلغۇچى چوڭ قوشۇننىڭ قارىسى پۈتۈنلەي يىتتى .

— ئەمىرلەشكەر بېگىمگە مەلۇم بولغاي ، — دېدى ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن سەركەردىسى قول باغلاپ تۇرۇپ ، — سۇلتان مەھمۇدخان لەشكەرلىرى 10 نەچچە چاقىرىم ئۇزاپ كەتتى .

بىر ئاز ئىبىســـگە كەلگەن ئۇزۇن ھەسەن ئالدىراپ سورىدى :

— ئۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلەلىدىڭمۇ ؟

— شايىبانىخان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىنــى توسۇپ جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنت تەرەپكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ .

— ھە مۇنداق دېگىن . . .

ئۇزۇن ھەسەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ نېمە ئۈچۈن ئەنجانغا تېگىش قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي ئۇزاق باش قاتۇردى . ئەمما ، چوڭ بىر بالا ـ قازادىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ، ئەنجاننىڭ ھېلىمۇ ھەم ئۆز ئىلىكىدە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئېيتقۇسىز خۇشاللىققا چۆمدى .

— دەرھال شايبانىخان ئالىيلىرى ھوزۇرىغا چاپارمەن ماڭغاي ، — دېدى ئۇ سەركەردىسىگە قاراپ .

سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ئاخسى دېگەن يەردە شايبانىخاننىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى . شايبانىخان سەمەرقەنت ، پەرغانىلەرنى قولغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزبېكلەرنى ئەتراپىغا جۇغلاپ 50 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن تەشكىللىگەنىدى . ئۇ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخان ۋە بابۇر مىرزىلار بىلەن بىرلىكتە جازا يۈرۈش قىلغۇچى چوڭ قوشۇن تەشكىللەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، لەشكەرلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىققانىدى . شۇ ئارىدا ئەنجاننى ساقلاۋاتقان ئەمىرلەشكىرى ئۇزۇن ھەسەن ئەۋەتكەن چاپارمەنلەر يول بويى ئات يەڭگۈشلەپ ، توختىماي مېڭىپ ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى . ياۋنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقان شايبانىخان ئاخسى قەلئەسىدە لەشكەرلىرىنى توختىتىپ ، دەم ئالدۇرغاچ ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى .

شايبانىخان بىلەن يۈزمۇ يۈز كەلگەن سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ غەزەپتىن قېنى قىزىپ كەتكەنىدى . ئۇ ئۆزىگە بەك تەمەننا قويۇپ كەتكەچكە ، سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بابۇر مىرزىنىڭ ئۇزاق يول يۈرۈپ كەلگەن لەشكەرلىرى

ھېرىپ كەتتى. بىرەر كۈن ھاردۇق ئالدۇرۇپ ئاندىن جەڭ قىلايلى، دېگەن تەكلىپكە قوشۇلماي، ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەردى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى لەشكەرلىرىنى ھاردۇق ئالدۇرۇپ، پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋالغان شايبانىخاننىڭمۇ كۈتكىنى دەل شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قىلچىلىك تەمتىرىمەي قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. پۈتكۈل ئاخسى دالىسى 100 مىڭلىغان لەشكەرلەرنىڭ قىر - چاپ سادالىرىدىن لەرزىگە كەلدى.

تۇنجى قېتىم جەڭگە قاتنىشىۋاتقان سەئىدخان نېمە ئۈچۈندۇر دادىسىنى تاشلاپ قويۇپ، بابۇر مىرزىنىڭ ئۇرۇش سېپىگە بېرىۋالغانىدى. دوستىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرىگەن مىرزا ھەيدەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى. 500 مىڭ خاس نۆكەر سەئىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەرنى قوغدىغاچ جەڭ قىلىۋاتاتتى. ياۋ لەشكەرلىرىگە ئوق ئېتىپ يارىلاندۇرۇۋاتقان سەئىدخاننىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئۈچ نەپەر ياۋ سەركەردىسىنىڭ قورشاۋىدا قالغان بابۇر مىرزىغا چۈشتى. بابۇر مىرزا بۇ ئۈچ سەركەردىگە بوي بەرمەي ئېلىشىۋاتاتتى.

— ھۇ نامەردلەر!

سەئىدخان شۇنداق دېدى - دە، كامالغا ئوق سېلىپ، ياۋ سەركەردىسىنىڭ دۈمبىسى تەرىپىدىن يۈرىكىنى بەتلىدى. يا ئوقىنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن سەركەردە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى ئېتى شۇ ھامان دەسسىۋەتتى. سەئىدخانىڭ ئىككىنچى ئوقىمۇ يەنە بىر ياۋ سەركەدىسىنىڭ بىلىكىگە سانجىلدى. يارىلانغان سەركەردە قىلىچىنى ئويىنىتىشقا ئامالسىز قالدى. ئىككى ھەمراھىدىن ئايرىلىپ

قالغان يەنە بىر سەركەردە تەمتىرەپ قېلىۋىدى، بابۇر مىرزىنىڭ شىددەت بىلەن چاپقان قىلىچى نەق گەدىنىگە چۈشتى ـ دە، يېرىم چېپىلغان بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ گەۋدىسى ئاتتىن موللاقلىدى. ئۇنىڭغىچە ئۇچقاندەك كەلگەن سەئىدخان يا ئوقىدا بىلىكى يارىلانغان ياۋ سەركەردىسىنىڭ بوينىغا قىلىچ چاپتى.

ئۆزىنى ياۋ سەركەردىلىرىنىڭ ئەجەل قىلىچىدىن قۇتۇلدۇرغان سەركەردىنىڭ نەۋرە ئىنىسى شاھزادە سەئىدخان ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بابۇر مىرزا قايىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— يارايسىز ئىنىم، جاسارىتىڭىزگە بارىكاللا!

بابۇر مىرزا شۇنداق دېدى ـ دە، يەنە بىر ياۋ سەركەردىسىنى نىشانلاپ ئات سالدى. سەئىدخانمۇ كەينىدىن دەمبەسقەدەم ئەگەشتى.

جەڭ شۇ تەرزدە يېرىم كۈن داۋاملاشتى. غەلىبە ئاكا ـ ئۇكا خانلارغا يۈزلەندى. ئۇلار شىددەت بىلەن قىر ـ چاپ قىلىپ شايبانىخان قارارگاھىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، تۇيۇقسىز شايبانىخان قارارگاھىدىن ناغرا ـ دۇمباق ساداسى ياڭرىدى. شۇ ھامان قارارگاھنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى تۆپىلىكتىن مىڭلىغان لەشكەرلەر نەرە تارتقىنىچە ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە ھىيلىگەر شايبانىخان ئىككى تەرەپكە بەش مىڭدىن 10 مىڭ لەشكىرىنى مۆكتۈرمە قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ لەشكەرلىرى ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، سەپلىرى بۇزۇلۇپ پاتپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇلار يا ھۇجۇم قىلىپ ئىلگىرىلەشنى، يا چېكىنىشنى

بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرغاندا ئارقا تەرىپىدىنمۇ ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قىر ـ چاپ سادالىرى ئاڭلاندى . ئارقا تەرەپتىكى بۇ لەشكەرلەر ئەنجاندىكى ئۆزۈن ھەسەننىڭ بەش مىڭ كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق چەۋەندازلىرى ئىدى . ئۇ جازا يۈرۈش قىلغۇچى ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ ئارقىسىغا تۇيدۇرماي ئەگەشكەنىدى . قورشاۋغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن تاشكەنت لەشكەرلىرى بىردىنلا روھىي چۈشۈپ جاسارىتى سۇسلاشتى ـ دە ، جەڭ قىلىشقا رايى بارماي جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى . بۇنى كۆرگەن موغۇلىستان لەشكەرلىرىمۇ پېتىراپ كەتتى .

جەڭ كۆن ئولتۇرۇشقا يېقىن ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى . ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى . تۇپراققا سىڭىپ بولالمىغان قانلار كەچكى شەپەقتە ئوتتەك جۇلالايتتى .

بابۇر مىرزىنىڭ ئازغىنا لەشكەرلىرى بىلەن قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاكا ـ ئۇكا خانلار ھايات قالغان سەركەردىلىرى ۋە 30 مىڭغا يېقىن لەشكەرلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشكەنىدى . بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا پۇتىغا يا ئوقى تېگىپ يارىلانغان سەئىدخانمۇ بار ئىدى . ئۇ بۇ مەغلۇبىيەتتىن ، بولۇپمۇ شايبانىخانغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقىدىن شۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلدىكى ، پاڭخىدە يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى .

شايبانىخان ئەسىرگە چۈشكەن ئاكا ـ ئۇكا خانلار بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆرۈشتى . ئۇ تولىمۇ مەغرۇر ، كۆرەڭ ئىدى . بېشىنى ئېگىپ ، قول باغلاپ تۇرغان ئاكا ـ ئۇكا

خانلار بىلەن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلاردىن تەپسىلىي هال ـ ئەھۋال سورىدى .

— جانابىي سۇلتانلار ، سىلەر مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىلەر ، — دېدى ئۇ ھىجىيىپ ، — مەن سىلەرنى زىنھار دۈشمەن قاتارىدا كۆرمىگەنىدىم ، سىلەر مېنى دۈشمەن ساناپ قىلىچ يالىڭاچلاپ كەلگەنلىكىڭلار ئۈچۈنلا ، ئامالسىزلىقتىن جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم . ئاللاغا يۈز مىڭ شۈكۈر ، ھەر نېمە بولسا سالامەت كۆرۈشتۇق . كۆڭلۈڭلارنى توق تۇتۇڭلار . بىر نەچچە ۋاخ مېھماندارچىلىق قىلايلى . ئاندىن كېيىن سىلەرنى موغۇلىستانغا ئۇزىتىپ قويىمەن . بۇنىڭدىن كېيىن پەرغانە ، ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىغا لەشكەر ئالماي ، مېھمان تەرىقىسىدە كەلسەڭلار ، ھەر قاچام قولۇم كۆكسۈمدە . ئەزىز مېھمانلىرىم قاتارىدا بېشىمدا كۆتۈرۈپ كۈتۈۋالىمەن . سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ شاھزادىسى سەئىدخاننىڭ جەڭدىكى باھادىرلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ قايىل بولدۇم . شۇڭلاشقا ئۇنى تەربىيەمگە ئېلىپ ، بىر نەچچە ۋاقىت يېنىمدا تۇرغۇزاي دەيمەن .

شايبانىخاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ چىقارغان ئاخىرقى ھۆكمى ئىدى . ئۇ بۇ ئارقىلىق سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ ، ئەل ـ يۇرت ئارىسىدا تۇزكور دەپ ئاتالغان يامان نامىنى يۇيۇشنى مەقسەت قىلغانىدى . شۇنداقلا ئاكا ـ ئۇكا خانلارنىڭ ، بولۇپمۇ سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ موغۇلىستانغا بارغاندىن كېيىن قايتا لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ،

سەئىدخاننى گۆرۈگە ئېلىپ قالغانىدى .
شايبانىخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئاكا - ئۇكا خانلار باشلىرىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكۈر قىلىشىپ ، غىڭ قىلىشالمىدى . ياق دېيىشكىمۇ ئامالى يوق ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار شايبانىخان ئالدىن تەييارلاپ قويغان توختامغا ئىلاجسىز قول قويۇشتى .
مىلادىيە 1502 - يىلى باھاردا ، بارلىق لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاكا - ئۇكا خانلار بىر قىسىم ئەمىر - سەركەردىلىرى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ پەرغانە ۋادىسىدىن ئايرىلدى . ئۇلارنى شايبانىخاننىڭ مىڭ لەشكىرى قورۇقداپ مېڭىپ شەرقىي موغۇلىستان تەۋەسىگە ئۆتكۈزۈپ قويۇپ قايتىپ كېتىشتى . شۇنداق قىلىپ پەرغانە ، ماۋەرائۇننەھر ۋادىلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ ئۆزبېكلەر باش كۆتۈردى .

— 7 —

تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننى پاناھداپ يەتتە كەنتكە قېچىپ كەلگەن سەئىدخان قاتتىق پۇشايمان يېدى . ئەينى يىللاردا غەربىي موغۇلىستان تەختىدە ئولتۇرۇپ ، تەسەررۇپىدىكى چوڭ - كىچىك خانلارنى بويسۇندۇرۇپ كەلگەن تاغىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىقتىدارسىز ، قورقۇنچاق ھەم دۆت ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى . ئۇ ئەنجاندىكى تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ ، يەتتە كەنتكە قاراپ ئات سالغاندا قەلبىگە

قانچىلغان ئارزۇ ـ ئارمانلارنى يۇكمىگەن ھە! ئەپسۇس بارلىق ئۇمىدلىرىنى تاغىسى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

شايبانىخانغا بارلىق لەشكەرلىرىنى ۋە زېمىنىنى تارتتۇرۇپ قويغان ئاكا ـ ئۇكا خانلار شەرقىي موغۇلىستانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇدۇل ئاقسۇغا كېلىپ توختىدى. سۇلتان ئەھمەدخانغا بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئۇ شۇ خاپىچىلىقتا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى. سۇلتان مەھمۇدخان بولسا ئىنىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تارتتۇرۇپ قويغان تەخت ـ سەلتەنىتىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، يەتتە كەنت تەۋەسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قانائەت قىلغانىدى. شۇڭلاشقا شايبانىخاننىڭ خارەزىمگە لەشكەر تارتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر يىللىق تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قېچىپ كەلگەن سەئىدخاننى كۆرۈپ خۇش بولغان بولسىمۇ، لېكىن سەئىدخاننىڭ شايبانىخان ئۈستىگە قايتا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تارتتۇرۇپ قويغان زېمىن ـ سەلتەنىتىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئار ـ نومۇسنى ئاقلاش تەكلىپىنى كەسكىن رەت قىلدى.

— بولدى قويسىلا، ئەمدى بۇ گەپلەرنى ئىككىنچى ئېغىزلىرىغا ئالمىسىلا بالام، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان، — ھازىر ئۆزبېكلەر بەك كۈچىيىپ كەتتى. ھەرقانچە قىلساقمۇ تەڭ كېلەلمەيمىز.

— ئۆزلىرىنى ئۇنچە تۆۋەن چاغلىمىسىلا، خان ئاتا، — دېدى سەئىدخان تاغىسىنىڭ قورقۇنچاقلىقىدىن جىلە بولۇپ، — شۇ كۈنلەردە شايبانىخان بىلەن نەۋرە ئىنىسى

جانبەگ سۇلتاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر ئىختىلاپ بار . يەنە تېخى شايبانىخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا سىلى بىلەن جەننەتماكان ئاتامنىڭ ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق ساداقەتمەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بار . بىز لەشكەر تارتىپ بارساقلا ئۇلار چوقۇم بىز تەرەپكە ئۆتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا خەۋەر بەرسەك ، بابۇر مىرزىمۇ كابۇلدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ھەمدەمدە بولۇشى مۇمكىن .

— بالام ، شۇ سىلىنىڭ خىياللىرى ، — دېدى سۇلتان مەھمۇدخان ئەسنەپ ئولتۇرۇپ ، — جانبەگ سۇلتان نېمىلا بولمىسۇن شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى . ئۇنىڭغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ . شايبانىخانغا ئەسىرگە چۈشكەن ئۇ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنىڭ بىزنى ھىمايە قىلىدىغان خىيالى بولسا بىر يىلدىن بېرى بىز بىلەن خەۋەرلەشەر ئىدى . ھازىرغىچە بىرسىدىنمۇ خەۋەر يوق ، بابۇر مىرزا بولسا مەندىن خاپا . ئۇنىڭ ئۈستىگە كابۇلدا ئاران تەستە جان ساقلاپ تۇرماقتا . ئەڭ مۇھىم ئىش ، جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇكلىرىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاكىلىرى سۇلتان مەنسۇرخان سىلىنىڭ بۇ تەكلىپلىرىگە ھەرگىز قوشۇلمايدۇ ھەمدە سىلىنىڭمۇ موغۇلىستانغا بېرىشلىرىنى خالىمايدۇ . چۈنكى ئۇ سىلىنى ئۆزىنىڭ خانلىق سەلتەنىتىگە تەھدىت ، دەپ قارايدۇ . يەتتەسۇدىكى ئىنىلىرى خېلىل سۇلتاننىڭ تۇزۇك لەشكىرىنىڭ تايىنى يوق . شۇڭلاشقا ئارتۇقچە خىياللارنى قويۇپ قېشىمدا بىر نەچچە ۋاقىت تۇرسىلا . مەن سىلىنى ئۆيلەپ قوياي . كېيىنچە ئاكىلىرى مەنسۇرخان ئىنساپقا كېلىپ قالسا ، تەسەررۇپىدىكى بىرەر يۇرتنىڭ ئەمىرلىكىنى بېرىپ قالار .

سەئىدخان تاغىسىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى . ئۇ مەيلى ئاخسىدىكى زىنداندا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا بولسۇن ، مەيلى شايبانىخان ئۆزىگە ئىسيان كۆتۈرگەن ئەمىرلىرى ئەھمەد تەمبەل ، ئۇزۇن ھەسەن ، شەيخ بايەزدلەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنى قاماقتىن بوشىتىپ ، ياخشى مۇئامىلە قىلىپ قېشىدا تۇرغۇزغاندا بولسۇن ، مەيلى ئۇ شايبانىخانغا ئەگىشىپ سەمەرقەنت ، ھىسارلارغا بارغاندا بولسۇن ، شايبانىخانىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قېچىپ تاغىسى ۋە ئاكا - ئىنىلىرىنى تېپىپ ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ كېلىپ شايبانىخان بىلەن جەڭ قىلىشنى ، ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان بۇ كەڭرى زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشنى بىر كۈنمۇ كۆڭلىدىن نېرى قىلمىدى . ئۇ يەتتەكەنتتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن تاغىسى بىلەن چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقىرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى - دە ، ئەنجاندىن قېچىپ چىقىشىغا ياردەملەشكەن ۋە ئۆزىگە ئەگىشىپ بىللە كەلگەن خوجا ئېلى قاتارلىق 17 نەپەر ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ ، تاغىسى بىلەن خوشلاشمايلا يەتتە سۇ ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىنىسى ئابدۇخېلىل سۇلتانىنىڭ قېشىغا كەتتى .

شۇ كۈنلەردە ئاكىسى سۇلتان مەنسۇرخاندىن دىلى رەنجىپ ، ئۆزىنى غېرىب ، يالغۇز ھېس قىلىپ ، كۈنلىرىنى شاراب ئىچىش ، بەزمە - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان شاھزادە ئابدۇخېلىل سۇلتان خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان ئاكىسى سەئىدخاننى كۆرۈپ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى . ئاكا - ئۇكىلار دەرد - ھەسرەت يۇتۇپ ۋاقىتسىز قازا قىلىپ كەتكەن دادىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى

قىلىشتى. ئابدۇخېلىل خاننىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— سەۋر قىلىسىلا ئىنىم، — دېدى سەئىدخان ئىنىسىنى بەزلەپ، — بالاغا سەۋر، قازاغا رىزا دەپتىكەن ئاتا - بوۋىلار. مانا يارلىقان ئىگەم نېسىپ قىلغىنىكەن يەنە كۆرۈشتۇق. جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇك خان ئاتىمىز ھەقىقەتەن ئارماندا كەتتى. ئەمما، بىزلەر پۇشتىپاناھى بولمىش ئوغۇللىرى تېخى ھاياتمىز. ئاكىمىز سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ قولىدا بۈيۈك شەرقىي موغۇلىستان زېمىنى ۋە تۈمەنلىگەن باھادىر سەركەردە - لەشكەرلىرى ھەم باردۇر. بىز ئاغا - ئىنىلەر بىرلىشىپ تەڭ كۈچ چىقىرىدىغانلا بولساق، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، ياركەنت، خوتەن قاتارلىق كاتتا شەھەرلەرنى تارتىۋېلىپ جەننەتماكان پەدەرىمىزنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەت قالدۇرغان مۇناپىق مىرزا ئابابەكرىنىمۇ ھەمدە ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە ۋادىسىنى تارتىۋېلىپ پەدەرىمىزنى ئۆمۈرلۈك دەرد - ھەسرەتتە قالدۇرغان قانخور شايبانىخانىندىمۇ يوقىتىپ، ئەجدادىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى قايتا نامايان قىلىپ، خەلقئالەم ئالدىدا ئار - نومۇسىمىزنى ئاقلىيالايمىز.

— ئاغام سۇلتان مەنسۇرخانغا ئۈنچە چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتمىسىلە، — دېدى ئابدۇخېلىل سۇلتان ئۆكسىگەن ھالدا، — ئۇ ھازىر ئەينى چاغدا سىلى بىلەن تۇرپان چۆلىدىكى قارا بوراندا غايىب بولۇپ كەتكەنلىرىنى بىلىپ، دېرەكلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن تاڭ ئاتقۇچە ئات ئۈستىدىن چۈشمەي، ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇمۇ ئالماي كۆز

يېشى قىلغان مېھرىبان، كۆيۈمچان قېرىندىشىمىزغا زىنھار ئوخشىمايدۇ. ئاغىمىز ھازىر بىزنىڭ ئۆزىنىڭ تەخت سەلتەنىتى ئۈچۈن تەھدىت ھېسابلايدۇ...

— يوقىلاڭ خىياللاردا بولمىسىلا، ئەزىز ئىنىم، — دېدى سەئىدخان ئىنىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. شۇ تاپتا ئۇ تاغىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ئاكىسى مەنسۇر خان ھەققىدىكى قاراشلىرىنىڭ بىر يەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى، — بىز دېگەن بىر ئاتىنىڭ پۇشتىدىن تامغان قېرىنداشلارمىز. ئاغىمىز مەنسۇرخان ئەينى يىلى جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇكىمىزنىڭ ئۆز قولى بىلەن موغۇلىستان تەختىگە نائىپ خان قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغان خاقاندۇر. پەقەت مۇناپىق مىرزا ئابابەكرى بىلەن قانخور شايبانىخاننى يوقىتىپ، بۈيۈك تەسەررۇپىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سەلتەنىتىمىزنى مۇستەھكەملىسەكلا بىزگە شۇ كۇپايە، تەخت ـ سەلتەنەتتىن زىنھار تەمەيىمىز يوقتۇر.

— ئەزىز ئاغا، مېنىڭمۇ ھەم باشقىچە خىيالىم يوقتۇر، — دېدى ئابدۇخېلىل سۇلتان كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — بولدىلا، ئاران كۆرۈشكەندە سىلىگە بۇ گەپلەرنى دەپ كۆڭۈللىرىنى غەش قىلماي. قالدى ئىشلارنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپ قالارلا.

ئەسلىدە سۇلتان مەنسۇرخان، دادىسى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنىسى ئابدۇخېلىل سۇلتاننىڭ قايتىپ بېرىپ ئوردا خىزمىتىنى قىلىش تەلىپىنى رەت قىلغان، ھەتتا ئالدىغا بېرىپ قېرىنداشلىق سالىمىنى بەجا كەلتۈرگەچ ئانىسى ۋە باشقا قېرىنداشلىرى

بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ يول قويمىغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنىسى ئىمىن غوجا سۇلتاننى مىرزا ئابابەكرىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرى تولا ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرىدىغان ئاقسۇغا، يەنە بىر ئىنىسى باباچاق سۇلتاننى قالماق ۋە باشقا يات تائىپىلەر تولا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇرىدىغان قۇمۇلغا نائىب ئەمىرلىككە بەلگىلەپ ئەۋەتىۋەتكەنىدى. بۇنىڭدىن سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ ئىنىلىرىنى ئوردا ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈپ، سۈرگۈن ھېسابىدا يىراق، چەت يۇرتلارغا ئەۋەتىۋەتكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى. سەئىدخان ئاكىسىنىڭ بۇ مەقسىتىنى ئاسانلا ھېس قىلدى. ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ۋاپاتى بىلەن تەڭلا ئاكىسىنىڭ بۇنچە ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى. شۇڭلاشقا، ئاكىسىغا قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەسكەرتىپ، دادىسىنىڭ ئارمانلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن مىرزا ئابابەكرى، شايبانىخانلارنى يوقىتىپ، سەلتەنەتنى مۇستەھكەملەپ، قولدىن بېرىپ قويغان زېمىنلارنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى كۆز قاراش، تەدبىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بىر پارچە خەت ئەۋەتتى - دە، ئىنىسى ئابدۇخېلىل سۇلتان بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرىگە قاراشلىق يۇرتلاردىن لەشكەر قوبۇل قىلىپ، كەلگۈسى جەڭ ئۈچۈن لەشكىرىي ھازىرلىقلارغا كىرىشتى.

جىيەن ئوغلى سەئىدخاننىڭ خوشلاشمايلا ئۇن - تۈنسىز كېتىپ قېلىشى سۇلتان مەھمۇدخانغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئۆز ۋاقتىدا پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر، پەرغانە، خارەزىم ۋادىلىرىنى تىترەتكەن بۇ كاتتا خاقان مانا ئەمدى جىيەن

ئوغلى بولمش كىچىككىنە بىر ھارىمىنىڭ ئۆزىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە ، قەھرى غەزەپكە كەلدى . سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ شۇنچە كىچىككىنە ئىشقا قاتتىق غەزەپلىنىشىنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبى بار ئىدى ، ئەلۋەتتە . چۈنكى ئۇ شايىبانىخانغا تارتتۇرۇپ قويغان زېمىنلىرىغا كۆز تىككىشكە جۈرئەت قىلالمىسىمۇ ، جىيەنى ئابدۇخېلىل سۇلتان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەتتە سۇ ۋادىسىنى قولغا كىرگۈزۈپ ، كېيىنكى كۈنلەردە چوڭ جىيەنى سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ قولىدىن پۈتكۈل شەرقىي موغۇلىستان خانلىقىنى تارتىۋېلىش خام خىيالىدا بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ بۇنىڭغا ئۆزىنى ھەقلىق دەپ ھېسابلايتتى . شۇڭلاشقا ، سەئىدخاننىڭ مۇشۇ كىچىككىنە «گۇناھ» نى دەستەك قىلىپ ئەسلىي مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە يەتتەسۇ ۋادىسىغا لەشكەر تارتىپ كەلدى .

تاغىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ، نائىنسابلىقىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن سەئىدخان بىلەن ئابدۇخېلىل سۇلتان ئارتۇقچە يۈز ئاياپ ئولتۇرماي تاغىسىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى .

ئەسلىدىنلا ئەيش ـ ئىشرەت ، شارابخورلۇققا بېرىلىپ كەتكەن سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ لەشكىرىي ئىلىمدىن تۈزۈك خەۋىرى يوق ئىدى . دادىسىنىڭ تەخت ـ سەلتەنىتىگە تايىنىپ ، ھەر يەردە زورلۇق ـ زومبۇلۇق ، ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ كۆنۈپ قالغان بەش نەپەر ئوغلىنىڭ بولسا ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن چوڭ ئىشلىرىغا ھەمدەم بولغۇدەك ھەپسىلى يوق ئىدى ، سۇلتان مەھمۇدخان ئىنىسىنىڭ

ئوغۇللىرى بىلەن ئۆز ئوغۇللىرىنى ھەر قېتىم سېلىشتۇرغىنىدا ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئىقتىدارسىز ، نان قېپىلىقىدىن ئاچچىق ھەسرەت چېكەتتى .

جەڭ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى . سەئىدخان بىلەن ئابدۇخېلىل سۇلتان ئاكىسى سۇلتان مەنسۇرخانغا جەڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات يوللىدى . ئەمما ، سۇلتان مەنسۇرخاندىن سەئىدخاننىڭ ئالدىنقى قېتىم يازغان خېتىگە جاۋاب كەلمىگەندەك بۇ مەلۇماتىغىمۇ جاۋاب كەلمىدى .

سۇلتان مەھمۇدخان جىيەن ئوغۇللىرىغا يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي يەتتەسۇغا يەنە ئارقىمۇ ئارقىدىن ئىككى قېتىم لەشكەر تارتتى . ئاخىرقى قېتىملىق جەڭدە تاغىسىنىڭ بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى تولۇق يوقاتقان ئاكا ـ ئۇكىلار گەرچە تاغىسىنى ئەسىرگە ئېلىش مۇقىملىشىپ قالغان بولسىمۇ ، دادىسى ۋە بوۋىسىنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ، تاغىسىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويدى .

سەركەردە ـ لەشكەرلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان سۇلتان مەھمۇدخان ئىككى جىيەن ئوغلىنى ئەگەشتۈرگىنىچە شايبانىخاندىن ياردەم تىلەش ئۈچۈن تاشكەنتكە قاراپ ماڭدى . ۋە خوجەنت دەرياسىنىڭ بويىدا شايبانىخان بىلەن ئۇچراشتى .

— مەھمۇدخان ياردەم تىلەپ ھۇزۇرۇمغا كېلىپ خاتا قىلىپسەن ، — دېدى شايبانىخان سۇلتان مەھمۇدخانىنـ ـىڭ ئەرز ـ دادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، — مەن ئىلگىرى سەن بىلەن يېپىشكەن تۇزنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر

قېتىم جېنىڭدىن كەچكەنىدىم ، بۇ قېتىم ئۇنداق قىلالمايمەن . سېنى ھايات قالدۇرسام بېشىمغا بالا بولۇشۇڭ چوقۇم . چۈنكى ئۆز قېرىنداشلىرىڭ بىلەن پېتىشالمىغان ئادەم ، ھامان بىر كۈنى ماڭىمۇ سانتىنلىق قىلىسەن . ئەمدى يۈزسىزلىك قىلدى ، دەپ مەندىن ئاغرىنما .

شايبانىخان شۇنداق دېدى ـ دە ، جاللاتلىرىغا بۇيرۇپ سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بەش ئوغلىنى تاغارغا سېلىپ خوجەنت دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتتى . بۇ مىلادىيە 1509 ـ يىلى كۈزدە يۈز بەرگەن پاجىئە ئىدى .

تاغىسىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن خەۋەر تاپقان سەئىدخان بىلەن ئابدۇخېلىل خان كۆپ قايغۇردى .

ئىنىلىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە باھانە ئىزدەپ تۇرغان سۇلتان مەنسۇرخان ياندۇرقى يىلى باھاردا تاغىسىنىڭ ئۆلۈم سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشنى باھانە قىلىپ چالىش①تىن يەتتەسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلدى .

كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي تۇرۇپلا قالدى . بىر تۇغقان ئاكىسى بىلەن قىلىچ يالىڭاچلاپ جەڭ قىلىش ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى . «تووۋا» ، بۇ نېمە ئىش ئەمدى ؟ بىز ئاكامنىڭ خانلىق سەلتەنىتىگە زىيانلىق ھېچقانداق ئىش قىلمىغان تۇرساق . تاغام بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان جەڭنىڭ ھەمدە تاغامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبكارى بىز ئەمەسقۇ ئاخىر . ئاكام نېمىشقا بۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ ؟ ماقۇل ، گۇناھ بىزدە بولغان تەقدىردىمۇ ، شۇنچىۋالا لەشكەر باشلاپ كېلىش ھاجەتسىز ئىدىغۇ ؟ »

---

① چالىش ـ ھازىرقى قاراشەھەر .

هەر ئېھتىمالغا قارشى لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەۋلىيا ئاتا[1] غا يېقىن بولغان چارۇن چالاك[2] دېگەن يەردە قارارگاھ قۇرغان سەئىدخان ئىنىسى ئابدۇخېلىل خان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاكىسىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش قارارىغا كەلدى.

— چۈشەندۈرگىنىمىز بىلەنمۇ بىكار. ئەسلىدىنلا خان ئاكامنىڭ نىيىتى بۇزۇق، — دېدى ئابدۇخېلىل خان سەئىدخاننى مەنسۇرخاننىڭ ئالدىغا بېرىشتىن توسۇپ.

— نېمىلا بولمىسۇن بىر بېرىپ باقاي، — دېدى سەئىدخان قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، — ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار جەڭگاھتا قىلىچ تەڭلىشىپ يۈرسەك، خەلقئالەمنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەننەتماكان پەدەر بۇزرۇكىمىزنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويىمىز. مەن خان ئاكامغا يامان نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرىمەن.

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى تېخى پىشماستا، ئۆڭ - سۆلى ئۆچكەن چاپارمەن سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدخاننىڭ بىردىنلا غەزىپى قايناپ تاشتى.

— بوپتۇ، ئاكامنىڭ پەيلى شۇ بولسا بىزگىمۇ ئامال يوق، جەڭگە چىقايلى.

ئىككى قوشۇننىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى پەرق

---

[1] ھازىرقى ئالمائاتا شەھىرى.
[2] قازاقىستاننىڭ چېلەك رايونى.

خېلىلا چوڭ ئىدى، شۇڭلاشقا جەڭ ئانچە ئۇزۇن
داۋاملاشمىدى. ئەسلىدىنلا ئاكىسى بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى
بارمىغان سەئىدخان خوجا ئېلى قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن
ئامان قالغان ئازغىنا نۆكەرلىرىنى ئېلىپ جەڭدىن
چېكىندى. ئەمما سۇلتان مەنسۇرخان سەركەردىلىرىگە
بۇيرۇق بېرىپ، ئىنىلىرىنى تاپ باستۇرۇپ قوغلىدى. ئۈچ
كېچە - كۈندۈز مۆكۈپ يۈرۈپ ئاكىسىنىڭ قوغلاشقا
ئەۋەتكەن سەركەردە - لەشكەرلىرىدىن ئاران تەستە قۇتۇلغان
سەئىدخان ئىنىسى ئابدۇخېلىل سۇلتاننىڭ دېرىكىنى
قىلدى. جەڭدە قاتتىق يېڭىلىپ ئاران تەستە جېنىنى ئېلىپ
قاچقان ئابدۇخېلىل سۇلتان ئۆزىگە ئەگىشىشنى خالىغان
ئازغىنا نۆكەرلىرى بىلەن شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى
پەرغانە ئەمىرى جانبەگ سۇلتاننى پاناھ تارتىپ كېتىپ
قالغانىدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ سەئىدخاننىڭ يۈرىكى پىچاقتا
تىلغاندەك ئېچىشتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىنىسىنىڭ كەينىدىن
قوغلاپ يېتىپ، نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.
چۈنكى ئاكىسى سۇلتان مەنسۇرخان قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن
لەشكەرلەر تېخىچىلا ئۇنى ئىزدەۋاتاتتى. ئاكىسىنىڭ
ۋاپاسىزلىقى، ئىنىسىنىڭ ئىرادىسىزلىكى ئۇنىڭ يۈرەك
باغرىنى خۇن قىلىۋەتكەنىدى.

شۇ تاپتا ئۇ تۈن قوينىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتىپ
بارغان بۇ بىپايان دالىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ
تۇرۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىش، كاللىسى گاراڭ ئىدى.
شۇنداقتىمۇ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىگە كۆمۈلۈپ قالغان
ئارمانلىرى ئاجىز پىلىلدايتتى.

# — 8 —

ئاكىسىنىڭ قوغلاپ تۇتۇشقا ئەۋەتكەن سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز مۆكۈشمەك ئويناپ ، توختىماي قېچىپ يۈرۈپ ، توپتوغرا ئۈچ ئايدا ئۇلاردىن ئاران قۇتۇلغان سەئىدخان ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەككە ـ يېگانە دېگۈدەك قالغانىدى .

ئۇ نەگە بېرىش ھەققىدە ئۇزاق باش قاتۇردى . ئەلۋەتتە موغۇلىستانغا ئەمدى بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنى ئۆز تەخت ـ سەلتەنىتى ئۈچۈن ئەشەددىي دۈشمەن ھېسابلىغان ئاكىسى ئۇنى ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيتتى . ئەمما مەيلى قۇمۇلنىڭ نائىب ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ئىنىسى باباچاقخان بولسۇن ياكى ئاقسۇنىڭ نائىب ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ئاكىسى ئىمىن خوجاخان بولسۇن ، ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ، موغۇلىستان تەختىنى ئوڭچە ئىگىلەش ۋەسۋەسىسىدە ئەقلىدىن ئاداشقان ئاكىسىنىڭ قەستىدىن ساقلاپ قېلىشقا قۇربىتى يەتمەيتتى . قەشقەر ، ياركەنت ، خوتەن تەرەپلەرگە بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر ئىدى . چۈنكى ، مىرزا ئابابەكرى ئەشەددىي رەقىبى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇشقا ھەر قاچان تەييار ئىدى . شۇ كۈنلەردە سەئىدخان يەتتەسۇ ، يەتتە كەنت ۋادىسىدا تۇرۇشقىمۇ ئامالسىز ئىدى . ئۇ ئاكىسىنىڭ لەشكەرلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى تىمىسقىلاپ ئۇنىڭ پېيىگە

چۈشكەندى . سۇلتان مەنسۇرخان ئىنىلىرىدىن يەتتەسۇ ، يەتتە كەنت ۋادىلىرىنى تارتىۋالغان بىلەن ، ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ زېمىننى مىرزا ئابابەكرىگە تارتتۇرۇپ قويۇپ ، سايرامدىكى ئوردىسىغا شەرمەندىلەرچە چېكىنگەندى . شۇ سەۋەبلىك بۇ زېمىننىڭ يېڭى ھۆكۈمرانى ئابابەكرى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ پۇشتىنى تولۇق قوغلىۋېتىپ خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن يۈزلىگەن پايلاقچىلارنى ، مىڭلىغان لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ سەئىدخاننى يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدەۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئېغىر كۈنگە قالغان سەئىدخان گەرچە ئەنجانغا بېرىش خەتەرلىك بولسىمۇ ، يەنىلا بۇ يولغا تەۋەككۈل قىلدى . چۈنكى ، ئۇ شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى جانبەگ سۇلتاندىن شەپقەت تىلەپ كېتىپ قالغان ئىنىسى ئابدۇخېلىل خاننى تېپىپ ، ئۇنى ۋەھشىي دۈشمەننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە ئامال تېپىلىپ قالسا ئەنجاندا قايتا باش كۆتۈرۈش ئۈمىدى ئۇنى بۇ خەتەرلىك يولغا تەۋەككۈل قىلىشقا مەجبۇرلىغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجان سەپىرىدە ئوشنىڭ ھۆكۈمرانى ، ھاممىسىنىڭ ئېرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانى بىلەن كۆرۈشۈپ مەسلىھەت سوراش ئارزۇسىمۇ بار ئىدى .

ئەپسۇس ، ئۇ ئوشقا كېلىپ ، بۇ يەرنىڭمۇ شايبانىخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ، مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ شايبانىخاننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ، بابۇر مىرزىنى پاناھ تارتىپ كابۇلغا كەتكەنلىكىنى بىلدى . نەچچە يىلدىن بېرى ئوشتا تۇرغان نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەرمۇ دادىسى بىلەن

بىللە كابۇلغا كەتكەندى . سەئىدخان بالىلىق چاغلىرىدا بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بۇ دوستىنى ئەسلەپ كۆپ ھەسرەت چەكتى . ئۇ ئوشتا بىرەر كۈن تۇرۇشقىمۇ كۆڭلى تارتماي ئۇدۇل ئەنجانغا قاراپ يول ئالدى .

ئەنجان سەئىدخانغا يەنە بىر چىدىغۇسىز ئازاب سوۋغا قىلدى . چۈنكى ئەنجانغا كېلىپلا ئىنىسىنىڭ دېرىكىنى قىلغان سەئىدخان ئىنىسى ئابدۇخېلىل خاننىڭ شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى جانبەگ سۇلتان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ جەسىتىنىڭ سەيخۇن دەرياسىغا تاشلىۋېتىلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ يۈرىكى لەختە - لەختە بولدى - دە ، ھوشىدىن كەتكىلى قىل قالدى .

ئەنجان ئۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك بولۇپ قالغانىدى . ئۇ ئامالسىز ئەنجان شەھىرىدىن يەم بىلەن يېنىپ چىقتى - دە ، شەھەر ئەتراپىدىكى سۇلات كەنت ناملىق بوستانلىق يۇرتقا كېلىپ يوشۇرۇندى .

بىر يامانلىق بار يەردە ھامان بىر ياخشىلىق بار . ئىنىسى ئابدۇخېلىل خاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن قايغۇ - ھەسرەت چىرمىۋالغان سەئىدخاننىڭ يۈرىكىگە ئويلىمىغان يەردىن ئاشقىلىق ئوتى تۇتاشتى . سەئىدخان ھەمراھلىرى بىلەن قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ يوشۇرۇنغانىدى . تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن بىنا قىلىنغان بۇ باغ خېلىلا كەڭرى ئىدى . باغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە باغ ئىگىسىنىڭ قورۇسى جايلاشقانىدى . ئەركىن - ئازادە سىرتقا چىقالمىغان سەئىدخان ھەر كۈنى ئەتىگىنى باغنى ئايلىنىپ ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق نەغمە - ناۋالىرىدىن ھۇزۇرلانغاچ خىيال سۈرەتتى ياكى «گۈلىستان» ، «شاھنامە» ، «قۇتادغۇبىلىك» . . .

قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇيتتى . بالىلىق ۋاقتىدا ئۇستازى ئايازبېك قۇشچىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان «قۇتادغۇبىلىك» هازىر ئۇنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالغانىدى .

بۈگۈن ئۇ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن يېنىپ ، باغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بويىدىكى چىملىققا كېلىپ ئولتۇردى - دە ، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئېچىپ ئوقۇشقا كىرىشتى . كىتابنى دەسلەپتە ئىچىدە ئوقۇغان بولسىمۇ ، بارا - بارا ئاۋازى ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى :

. . . . .

سېنىڭدە پۇقرانىڭ هەققى ئىرۇر ئۈچ ،
بۇ هەقنى ئۆتەسەن ، هېچ ئىشلەتمە كۈچ .
بىرى ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت ،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن ، ئايازىن[①] كۆزەت .
بىرى توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر ،
بىرىن - بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر .
ئۈچۈنچى ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى ،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى ..
ئۆتەپ بۇ خەلقنىڭ هەقلىرىن ، كېيىن ،
ئۆزۈڭمۇ ئەي مەردان ، هەققىڭ تىلىگىن .
پۇقرالار ئۇزە بار سېنىڭ ئۈچ هەققىڭ ،
ئۇلاردىن سورا ، ئاچ ئەمدى قۇلاغىڭ .
بىرى يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسۇنلار ،
نېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسۇنلار .
ئىككىنچى خەزىنە هەققىن توسمىسا ،

① ئايازىن — ئالتۇن ، كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى .

ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.
ئۇچۇنچى ياغىغا ياغى بولسالەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسىلەر.
ئۆتكەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتكەن بولۇر ئۆز ھەققىن.
....

بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان سەئىدخان تۇيۇقسىز بىرسى تىكىلىپ قاراۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى ـ دە، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا چاققانلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. تۇيغۇلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى. 7 ـ 8 قەدەم يىراقلىقتا بىر قىز ئۇنىڭ كىتاب ئوقۇشىنى يوشۇرۇن تىڭشاۋاتاتتى. قىز بىلەن يىگىتنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. قىز يىگىتنىڭ ئوتلۇق نەزىرىدىن كۆزلىرىنى ئەپقاچتى ـ دە، ھودۇققاندەك بولۇپ دەرھال ئۆزىنى پىنھانغا ئالدى. قىزنىڭ گۈلدەك قامىتى، بولۇپمۇ ھەر قانداق ئادەمنىڭ يۈرىكىگە بىر قاراشتىلا ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتۇرغۇچى بىر جۈپ شەھلا كۆزى سەئىدخاننىڭ يۈرىكىنى شۇرۇرىدە ئېرىتىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى. ئۇ قىزنىڭ قارىسى يىتكەن تەرەپكە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى.

تەقدىر ـ قىسمەت بىر مەزگىل تۇتقۇنلۇقتا ياشىغان، كېيىن تاغىسى ۋە ئاكىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن جەڭگى ـ جېدەللەر قايىنىمىدا تېڭىرقىغان، قاچقۇنلۇق ھاياتىدا كۆنلىرىنى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە باش قاتۇرۇشقا پۇرسەت بەرمىگەن بۇ كاج تەلەي شاھزادىنى ئويلىمىغان يەردىن بىر قىزغا ئاشىق قىلغانىدى.

سەئىدخان تولۇق بىر كۈن دېگۈدەك باغنى ئايلىنىپ چىقتى . ھەربىر تۈپ دەرەخ ، ھەربىر تال گۈل ـ گىياھنىڭ ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى . ئەمما قىزنى پەقەتلا ئۇچرىتالمىدى . قىزنىڭ غۇنچىدەك ئەۋرىشىم قامىتى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى . ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئالدىراش ئوقۇپلا ، ناشتىغىمۇ كۆڭلى تارتماي ھېلىقى خىلۋەت بۇلاق بويىغا يۈگۈردى . بۇلاق يېقىملىق شىلدىرلايتتى ، خۇددى يىگىتنىڭ ئاشىق قەلبىگە تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك . سەئىدخان ئەتراپتىكى شەپىگە قۇلاق سالغاچ بۇلاقتىن كۆز ئۈزمەيتتى ، خۇددى قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرمەكچى بولغاندەك . بۇلاق بويىدا قىزنى غايىبانە كۈتۈپ تولۇق بىر كۈن ساقلىغان سەئىدخان باغقا تۈن پەردىسى يېيىلغاندا ئاستا قايتىپ كەتتى . بۇ كېچىمۇ ئۇ ئازراقلا مۈگدىگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنە كىرپىك قاقمىدى . يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان ئاشىقلىق ئويىنى سەگەتمەكچى بولغاندەك سىرتقا چىقتى . كېچىنىڭ سوغۇق سەلكىنى يۈرىكىدىكى ئوتنى سەگىتىش تۇگۇل تېخىمۇ يېلىنجىتىۋەتتى . ئۇنىڭغا كۆكتىكى يۇلتۇزلار قىزنىڭ كۆزىدەك ، ئەگىم ئاي قىزنىڭ قېشىدەك ، باغقا تەكشى يېيىلغان تۈن پەردىسى قىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك تۇيغۇ بېرەتتى . قىز بۇلاق بويىدا ساقلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ كېچىچە بۇلاق بويىغا ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلدى .

ئاي بىلەن يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ مىڭ تەستە تاڭ ئاتقۇزغان سەئىدخان بامدات نامىزىنى ئالدىراش ئوقۇدى ـ دە ، يەنە بۇلاق بويىغا يۈگۈردى . تۈيۈقسىز ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجانلىق دۈكۈرلەپ كەتتى . بۇلاق بويىدا تەڭداشسىز

گۈزەل بىر دەستە گۈل تۇراتتى . گۈلنىڭ نازۇك بارماقلىرى بۇلاق سۈيىگە چىلانغان ، شەھلا كۆزلىرى تولىمۇ خىيالچان ئىدى . سەئىدخان سەل ـ پەللا ئاۋاز چىقارسا مەشۇقىنىڭ شۇ ھامان غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ پەم بىلەن قەدەم يۆتكەيتتى . ئەمما تەگسىز خىيالغا ئەسىر بولغان قىز ھېچنېمىنى سەزمەي بۇلاقنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرىغا مۇڭ بولۇپ كەتكەنىدى .

يۈرىكىنىڭ ھاياجانلىق دۈكۈرلەشلىرىنى ئاران ـ ئاران بېسىپ تۇرغان سەئىدخان قىزغا قانداق ئۇسۇلدا گەپ قىلىشنى بىلەلمەي بىر ھازا تۇرۇپ قالدى . ئۇ شۇ تاپتا قاراپ تۇرۇپ قىزنى يەنە قاچۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قالغانىدى . قىزنىڭ ئايدەك جامالىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان سەئىدخاننىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا شائىرانە تۇيغۇ چىرمىۋالدى . ئادەتتە شېئىر يېزىش ئۈچۈن زورۇقمايدىغان ، تۇيۇقسىزلا كاللىسىدا پەيدا بولغان ھاياجانلىق تۇيغۇلارنى دەرھال ئوتلۇق مىسرالارغا چۈشۈرۈشكە ئادەتلەنگەن سەئىدخان شۇ تاپتا غايىبانە بىر ئىلھامنىڭ تۈرتكىسىدە ، كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە پەيدا بولغان شېئىري مىسرالارنى ھاياجان بىلەن دېكلاماتسىيە قىلدى :

قايسى گۈلشەننىڭ سېنىڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار ،
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار .
ھۆر بىرلە جەننەتۇل ـ مەئىۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن ،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇل ـ مەئىۋاسى بار .
يۈزى ئۆزرە كاكۇلى زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى ،
ئەي سەئىد ، ئاشىقتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەب سەۋداسى بار .

. . . .

خۇددى ئوۋچىنىڭ شەپىسىنى سەزگەن كېيىكتەك دىگگىدە چۆچۈپ كەتكەن قىز سەئىدخانىنىڭ شىئېرىنى ئاخىرىغىچە تاقەت قىلىپ ئاڭلىدى ـ دە ، يىگىتنىڭ كۆڭۈل سىرىنى چۈشىنىپ مەڭزى ۋىللىدە قىزاردى . ئۇ سەئىدخانغا نازاكەت بىلەن قىيا بىرنى قارىدى ـ دە ، دەس ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى .

— سەل ـ پەل تەخىر قىلىڭ خېنىم ، سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ، — دېدى سەئىدخان .

قىز سەئىدخانىنىڭ ئۆتۈنۈشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماستىن كېيىكتەك تاقلىغىنىچە باغقا شۇڭغۇدى .

قىزنىڭ كەينىدىن دەمبەس قەدەم قوغلاپ كەلگەن سەئىدخان مەھبۇبىنىڭ كۆنگەي تەرەپتىكى باغ ئىگىسىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاستا كەينىگە ياندى .

باغ ئىگىسى خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق دېھقان ئىدى . ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېغىدىكى قورۇنى ئىجارىگە ئالغان بۇ يىگىتنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغانىدى . شۇڭا ، ئۇ سەئىدخانىنىڭ كىرگۈزگەن ئەلچىلىرىگە ئايالى ۋە قىزىغا مەسلىھەت سېلىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بېرىۋەتتى . بۇ توي ئىشىغا قىزىنىڭ خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ئانا لام ـ جىم دېمىدى .

توي باغدا ئانچە ھەشەم ـ دەرەمسىزلا ئۆتكۈزۈلدى . ئەنجاندا ئىنىسىدىن ئايرىلىپ قالغان سەئىدخانىنىڭ يۈرىكى كۆڭۈلدىكىدەك بىر مەھبۇبقا ئېرىشىپ خېلىلا تەسەللى تېپىپ قالغانىدى .

# — 9 —

مىلادىيە 1511 ـ يىلى . باھار .

كابۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىك باھار يامغۇرىدا بىخ سۇرۇپ چىققان يۇمران كوكاتلار بىلەن باشقىچە گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى . يانباغىردىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى سوغۇق ، ئەمما يېقىملىق باھار شامىلىدا نازۇك تىترەپ ، ئاللىقانداق بىر خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان قىزلارنىڭ نازاكەتلىك ھەرىكىتىنى ئەسلىتەتتى . بۇ تۆپىلىككە ئەتىگەندىلا نۆكەرلىرىنى ئەگەشتۇرمەي يالغۇز چىققان سەئىدخان ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن قۇياشقا قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتقانىدى . يىرىك ، قاپقارا ساقال باسقان چىرايىدىكى ھەسرەت ، كۆكۈچ ئورا كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇڭ ئۇنى خۇددى يايلاقتىن ئايرىلىپ قالغان يولۋاسنىڭ ئاللىقانداق بىر ئىستەكتە تىپىرلاشلىرىنى ئەسلىتەتتى .

نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ ھامىيلىقىدا تۇرۇۋاتقان شاھزادىنىڭ يۈرىكىدىكى ئارمانلىرى كۆڭۈل ئارامىنى ھەرقاچان بۇزۇپ تۇراتتى . نەچچە يىلدىن بۇيانقى سەرگەردانلىق ھاياتىدا ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بۈيۈك بىر خانلىق قۇرۇش پىلانى ئۇنى بىر كۈنمۇ ئارام تاپقۇزمىدى . ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى يارامسىز ، قابىلىيەتسىز ، نان قېپى سېزەتتى . ۋۇجۇدى دەرد ـ ھەسرەتتە ئۆرتىنەتتى . مەغلۇبىيەتلىك

كارتىنلار ، ئاچچىق ئەسلىمىلەر خىيالىدىن نېرى كەتمەيتتى .

ئاشۇ يىلى يازدا ئۇ ئەنجان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى خىلۋەت باغدا يۈرىكىگە تۇنجى ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتۇرغان ئەنجان گۈزىلىنىڭ ۋىسالىغا يېتىپ بەخت پەيزىنى سۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن خۇشاللىق دەملىرى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى . كۈتمىگەن يەردىن سەئىدخان ئەنجان ئەمىرى جانبەگ سۇلتاننىڭ مەھبۇسىغا ئايلىنىپ قالدى . ئەسلىدە پۈتكۈل موغۇلىستان خاقانى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى بولغان شاھزادە سەئىدخانغا ئەگىشىپ كېيىنكى كۈنلەردە كاتتا مەنسەپ ـ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىش تەمەسىدە سەئىدخانغا ئەگەشكەن خوجا ئېلى سەئىدخانغا باغلىغان ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ ، جانبەگە سۇلتانغا سەئىدخاننىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان جانبەگ سۇلتان خوجا ئېلىغا 500 نۆكەر بېرىپ ، سەئىدخاننى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى . جانبەگ سۇلتاننىڭ كۈتۈلمىگەن بۇ پەرمانىدىن خوجا ئېلىنى قارا تەر باستى .

— مۆھتىرەم ئەمىر ئالىيلىرى ، — دېدى خوجا ئېلى تىترەپ تۇرۇپ ، — شاھزادە سەئىدخاننى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىشكە باشقا سەركەردىلەرنى بۇيرۇغان بولسىلا . مەنمۇ جانابلىرى بەرمەكچى بولغان ئىنئامنى ئېلىپ ئۆز يولۇمغا ماڭسام . . .

— پەرمانغا سەرگەشتىلىك[①] قىلماقچىمۇ سەن ، — دېدى جانبەگ سۇلتان قان تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، — ماڭ ، پەرمانىمنى دەرھال بەجا كەلتۈر .

---

① سەرگەشتىلىك — بويۇن تولغاش ، قارشى چىقىش .

ئول بەختى قارا شاھزادىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ساڭا ئىنئام بېرىمەن .

ئامالسىز قالغان خوجا ئېلى ساتقىنلىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ، 500 لەشكەر بىلەن سەئىدخان پاناھداپ تۇرغان باغنى قورشىدى .

— مېنى كەچۈرسىلە شاھزادە . مەن ئىرادەمگە خىلاپ ھالدا ئۆزلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىدىغان بولدۇم .

سەئىدخان خوجا ئېلىغا نەپرەت بىلەن بىرنى قارىۋەتكەندىن كېيىن مەغرۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى .

— ئېلى ئاكا ، ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن ۋاپا كۆرمىگەن بولساممۇ ، لېكىن ساداقىتىڭدىن زىنھار گۇمانلانمىغانىدىم . سېنىڭ دوستلۇقۇڭنىڭ مەقسەتلىك ئىكەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن . بوپتۇ ، مېنى باغلاپ جانبەگ سۇلتانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ئىنئامىڭنى ئېلىۋەر ، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ بولسا كۆرمەي باشقا چارەم يوقتۇر .

ئەنە شۇ ئارىلىقتا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بېرىپ ، جانبەگ سۇلتان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى ـ دە ، قاتتىق يارىلاندى ۋە «موغۇلىستان شاھزادىسى سەئىدخاننى ئۆلتۈرۈشمىزنى ئاللا راۋا كۆرمىگەن ئوخشايدۇ . ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشۈم بۇنىڭ بېشارىتى» دەپ ئويلىدى ـ دە ، سەئىدخاننى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدىن ياندى . شۇ ئەسنادا ئاغرىق ئازابىدا ئىنجىقلاپ ياتقان جانبەگ سۇلتانىنىڭ قېشىغا خوجا ئېلى كىرىپ كەلدى :

— سۇلتان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي ، شاھزادە سەئىدخاننى ھەمراھلىرى بىلەن تۇتۇپ كەلدىم . كاللىسىنى ئېلىشقا ئىجازەت بەرگەيلا .

مەلۇماتنى ئاڭلىغان جانبەگ سۇلتان غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى :

— مەن كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان جاللات ئەمەسمەن . موغۇل شاھزادىسى كەلگەن بولسا ھېچكىم ئۇنى ماڭا كېپىللىككە بەرگەن ئەمەس . ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش توغرىسىدا پەرمانمۇ يوق . ئۇنى ئامانلىق سەھراسىغا قويۇپ بېرىڭلار . خالىغان جايىغا كەتسۇن[1] .

— باش ئۈستىگە .

خوجا ئېلى شۇنداق دېدى ـ دە ، دەرھال كەينىگە ياندى . شۇ تاپتا ئۇ سەئىدخانغا قىلغان خائىنلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەۋاتاتتى . شۇڭلاشقا ، جانبەگ سۇلتاننىڭ كۇتمىگەن يەردىن چىقارغان بۇ ھۆكۈمىدىن چەكسىز سۆيۈندى ھەمدە بۇ تۇتۇرۇقسىز ئەمىرنىڭ ھۆكۈمىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يۈگۈرگىنىچە سەئىدخاننىڭ قېشىغا كەلدى ـ دە ، ئۇنى ھەمراھلىرى بىلەن باغلاقتىن بوشىتىپ ، ئەنجان شەھىرىنىڭ قوۋۇقىدىن چىقىرىۋەتتى .

— ئازماس ئاللا دەپتىكەن . خام سۈت ئەمگەن مەندەك بىئەقىلنى كەچۈرسىلە شاھزادەم ، ئاللا ـ تائاللا مۇراد ـ مەقسەدلىرىگە يەتكۈزگەي ، جانبەگ سۇلتان تولىمۇ تۇتۇرۇقسىز ئادەم ، ھەرقاچان پەرمانىدىن يېنىۋېلىشى مۇمكىن . شۇڭا ، ھازىردىن باشلاپ دەرھال ئەنجان تەۋەسىدىن يىراقلاشقايلا . قانچە يىراققا كەتسىلە شۇنچە ياخشى . خۇدايىمغا ئامانەت .

سەئىدخان گەرچە خائىنلىق قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا ساداقىتىنى بىلدۈرگەن بۇ دوستىنى ئەپۇ قىلدى .

---

[1] مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى «تارىخى رەشىدى» .

— سىنى كەچۈردۈم خوجا ئىلى ئاكا، مەن بولسام قېرىنداشلىرىمدىنمۇ ۋاپا كۆرمىگەن ئادەممەن، شۇڭا سەندىن رەنجىشكە ھەققىم يوقتۇر. بىر مەزگىل ماڭا ئەگىشىپ قىلغان خىزمەتلىرىڭگە چۈشلۇق ھەق بېرەلمىدىم. خۇدايىم نېسىپ قىلسا چوقۇم قايتۇرىمەن. ئاللا سىنىمۇ پاناھىدا ساقلىغاي.

خوجا ئىلىنىڭ پەرىزى توغرا چىققانىدى. سەئىدخان ئۇزاپ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە، بىر ئاز ئىسگە كەلگەن جانبەگ سۇلتان سەئىدخاننى قويۇۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى ـ دە، ئۇنى تۇتۇپ كېلىش توغرۇلۇق قايتىدىن پەرمان چۈشۈردى. خوجا ئىلى 500 نەپەر نۆكەر بىلەن سەئىدخاننى يالغاندىن قوغلىغان بولۇپ يېرىم كۈن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن جانبەگ سۇلتان گۇناھ ئۆزىدە بولغانلىقى ئۈچۈن لام ـ جىم دېيەلمىدى.

سەئىدخان قېيناتىسى بىلەن ئالدىراش خوشلاشتى ـ دە، ئايالىنى ئېلىپ قارا تىكىن يولى بىلەن نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ تەسەررۇپىدىكى بەدەخشانغا تەۋە «قەلئە زەپەر» گە كەلدى. بۇ يەردە بىر كۈن ھاردۇقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل كابۇلغا قاراپ يولغا چىقتى.

بابۇر شاھ بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن شايبانىخانغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئاخسىدىكى بىرلەشمە جەڭدە، ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ئۈچ نەپەر ياۋ سەركەردىسىنىڭ ئەجەل قىلىچىدىن باتۇرلۇق بىلەن ئوقيا ئېتىپ قۇتۇلدۇرغان نەۋرە ئىنىسىنى كۆرۈپ قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى. ئوردىسىغا بارلىق ئەمىرلىرىنى جەم قىلىپ

سەئىدخاننى خۇددى بىر دۆلەتنىڭ خان - سۇلتانلىرىنى كۇتۇۋالغاندەك كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالدى . شاھانە زىياپەت بېرىپ ھاردۇق سوردى . شاھانە زەرباب تون ، قاشتېشى كەمەر ، ئالتۇن دەستىسىگە ئالماس كۆز قويۇلغان زۇلپىقار تەقدىم قىلدى . ئۇلار بىر كېچە ئۇخلىماي ھال - مۇڭ بولۇشتى . ئۆز ئېلىدە تۇرۇشقا ئىمكان تاپالماي ياقا يۇرتلاردا پاناھلىنىۋاتقان بۇ ئىككى شاھزادىنىڭ دەرد - ھەسرەتلىرى ، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئوخشاش ئىدى .

سەئىدخاننىڭ ئانىسى خەدىچە سۇلتان خېنىم ، سىڭلىسى مەلىكە ئەفرۇزە خېنىم ۋە نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەرلەرمۇ كابۇلدا پاناھلىنىۋاتاتتى . ئۇزۇن مەزگىل ئايرىلىپ كەتكەن ئانا - بالا ، ئاكا - سىڭىل قېرىنداشلار قايتىدىن جەم بولۇپ ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشتى . سەئىدخان بالا ۋاقتىدىكى ئۇستازى ئايازبېك قۇشچىنى كابۇلدا كۆرۈپ ھەم ھەيران قالدى ، ھەم خۇش بولدى . چۈنكى ئۇ دادىسى ، تاغىسى ۋە نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھلار بىلەن بىرلىكتە ئاخسىدىكى شايبانىخان بىلەن قىلغان مەغلۇبىيەتلىك جەڭدىن كېيىن بۇ ئۇستازىنى كۆرمىگەن ، ھەم كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىز - دېرىكىنىمۇ ئالالمىغانىدى . ئاشۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئايازبېك قۇشچى سۇلتان ئەھمەدخان بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەتكەنىدى . سۇلتان ئەھمەدخان ئاقسۇدا قازا قىلغاندىن كېيىن ، دادىسىنىڭ خانلىق تەختىدە رەسمىي ئولتۇرغان سۇلتان مەنسۇرخاندىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ، ئوشقا كېلىپ ، مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگاننىڭ قېشىدا تۇرغانىدى . كېيىن شايبانىخان ئوشقا ھۇجۇم قىلغاندا مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن

كۆرەگانى ۋە مىرزا ھەيدەرلەر بىلەن بىللە كابۇلغا كېلىپ پاناھلانغانىدى .

— مەن سىز بىلەن ھامان بىر كۈنى كۆرۈشىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەنىدىم ، شاھزادەم ، — دېدى ئايازبېك قۇشچى ، — كابۇلغا كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى . بابۇر شاھتەك قەلەمدىمۇ ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئىستىبداتلىق ھۆكۈمران ئاز تېپىلىدۇ . ئىككىڭلار بىرلەشسەڭلار چوقۇم چوڭ ئىشلارنى روياپقا چىقىرىپ ، ئەجدادلىرىڭلارنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلالايسىلەر .

ئۇستازىنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئاڭلىغان سەئىدخان قايتىدىن روھلاندى .

سەئىدخان ئۇلارغا ئايالى گۈلسىما ئايىمنى تونۇشتۇردى . ئانىسى خەدىچە سۇلتان خېنىم كېلىنىنىڭ ئاددىي بىر دېھقان پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىر ئاز تەئەججۈپلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئوغلىنىڭ ھەر ھالدا ئۆيلىنىۋالغانلىقىدىن خوش بولدى . ھەمدە كېيىنچە ئوغلىغا خان - سۇلتانلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىك مەلىكىلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆيلەپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

كابۇل سەئىدخانغا نۇرغۇن خۇشاللىقلارنى بەخش ئەتتى . يۇرتدارچىلىق ، لەشكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگەتتى . ئۇ ھەر دائىم نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھ ، ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى ۋە نەۋرە ئىنىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ سۆھبىتىدىن نېرى بولمىدى . تۈرلۈك ئىلىملەردە تەڭ كامالەتكە يەتكەن بۇ ئۈچ سەركەردە بىر يەرگە جەم بولسىلا ئىلمىي مۇلاھىزىلەردە بولاتتى . قىزىشىپ مۇنازىرىلىشەتتى . بىرلىكتە ئوۋغا چىقاتتى . ماۋەرائۇننەھر ، پەرغانە ۋە شەرقىي موغۇلىستان

دىيارىنىڭ سىياسىي ، ھەربىي ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلاتتى .

بىر كۇنى ئۇلار شاھمات ئوينىغاچ مىرزا ھەيدەر يېزىۋاتقان موغۇلىستاننىڭ ئۆتكەن 100 يىللىق تارىخىي ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى ، ئوردا مەھرىمى كىرىپ سالام بەردى .

— مەلۇم بولغاي ، لەمغاندىن چاپارمەن كەلدى .

لەمغاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەئىدخان دەرھال شاھماتتىن بېشىنى كۆتۈردى ، چۈنكى شۇ كۈنلەردە ياشىنىپ قالغان ئانىسى خەدىچە سۇلتان خېنىم كابۇلدىن ئانچە يىراق بولمىغان لەمغان قەلئەسىدىكى ھاۋالىق باغدا دەم ئېلىۋاتاتتى . سەئىدخاننىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان ئايالى گۇلسىما ئايىممۇ قېينانىسىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى .

— چاپارمەننى باشلاپ كىرىڭلار ، — دېدى سەئىدخاننىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرگەن بابۇر شاھ .

دەقىقە ئۆتمەي سارايغا كىرىپ كەلگەن چاپارمەن قول باغلاپ تۇرۇپ سالام بەردى .

— شاھزادە سەئىدخان ئالىيلىرىغا خۇش خەۋەر ، گۇلسىما ئايىمنىڭ كۆزى يورۇدى .

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن سەئىدخاننى قۇتلۇقلاشتى .

— مۇبارەك بولسۇن .

— رەھمەت ، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن ، — دېدى تۇنجى پەرزەنتىنىڭ خۇشاللىقىدا ھاياجانلانغان سەئىدخان .

— لەمغاندىن كەلگەن چاپارمەنگە بىر ھەميان تىللا سۆيۈنچە بېرىلسۇن ، — دېدى بابۇر شاھ مەھرىمىگە قاراپ

ۋە چاپارمەندىن سورىدى ، — ئېيتە پەرزەنت بۆرىمۇ ، تۈلكىمۇ ؟

— ئاللا بۆرە ئاتا قىلدى شاھىم ، — دېدى چاپارمەن قول باغلاپ تۇرۇپ .

— مۆھتەرەم خان ئاغا ، — دېدى سەئىدخان بابۇر شاھقا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا ، — ئېغىر كۆرمەي ئول پەرزەنتىمگە ئىسىم تاللاپ بەرگەن بولسىلا .

— ئەزىز ئىنىم ، سىز شۇنداق دېگەن ئىكەنسىز ، ئەلۋەتتە مۇبارەك پەرزەنتىمىزنىڭ ئىسمىنى جان دەپ تاللاپ بېرەي ، — دېدى بابۇر شاھ ۋە بىر نەچچە دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى ، — شۇ تاپتا كاللامغا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ . پەرزەنتىڭىزنىڭ ئىسمىنى ئابدۇرەشىدخان قويۇڭ ، مۇبارەك ئىسمىڭىز سەئىدخانغا قاپىيە بولسۇن .

سەئىدخان رازىمەنلىك بىلەن بابۇر شاھقا ئېھتىرام بىلدۈردى :

— رەھمەت ئاغا ، ئېيتقىنىڭىزدەك بولسۇن .

— ئەزىز ئىنىم ، شۇ تاپتا پەرزەنتىڭىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىسىز ، سىزنى بۇ يەردە تۇتۇپ قالماي . دەرھال يولغا چىققايسىز ، — دېدى بابۇر شاھ ، — مەن باشقا بىر كۈنى بېرىپ ئول جىگەر پارىمىزنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ كېلۇرمەن . لەمغان ئانچە چوڭ يۇرت بولمىسىمۇ ، لېكىن مېنىڭ تەسەررۇپىمدىكى يۇرتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر . گەرچە ئىنىمنىڭ شۆھرىتىگە لايىق كەلمىسىمۇ ، ئول تۇنجى پەرزەنتىڭىزنىڭ كۆرۈملۈكى بولۇپ قالسۇن . لەمغاننى سىزگە سوۋغا قىلدىم . قوبۇل

قىلغايسىز .

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا ، — دېدى سەئىدخان دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ، — خۇدا بۇيرۇسا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىمەن .

شۇنداق قىلىپ سەئىدخان بىر مەزگىل لەمغاندا تۇرۇپ قالدى . ئۇ لەمغانغا كەتكەندىن كېيىن بابۇر شاھقا ئىلتىماس قىلىپ ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى بىلەن نەۋرە ئىنىسى ھەيدەرنى قېشىغا ئەپكېلىۋالغانىدى . بۇ ئۇچەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ، ساداقەت ھەرقانداق قېرىنداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ، ساداقەتتىن چارە ئىدى . سەئىدخان بىلەن مىرزا ھەيدەر ئايازبېك قۇشچىنى ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەتلەيتتى . . .

تۇيۇقسىز يانباغرىدىن ئاڭلانغان ئاياغ شەپىسى سەئىدخاننىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى . مىرزا ھەيدەر يوچۇن بىر كىشى بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتاتتى . ئۇ سەئىدخاننى كۆرۈپ ، قېشىدىكى ئادەمگە بىرنېمىلەرنى دەپ پەستە قالدۇرۇپ قويدى ـ دە ، ئۆزى سەئىدخاننىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى سەئىدخان سالامنى ئىلىك ئېلىپ ، — بىرەر ئىش بارمىدى ئىنىم ؟

— ئەتىگەندىن بېرى سىلىنى كۆپ ئىزدىدىم ، شەھەر قوۋۇقىدىكى لەشكەرلەر سىلىنى مۇشۇ تەرەپكە كەتتى دېيىشتى ، ئۇدۇل كېلىشىم ، ئەجەب بۇ يەردە يالغۇز تۇرۇپ قاپىلىغۇ ئاغا ؟

— نېمە ئۈچۈندۇر يالغۇز خىيال سۈرگۈم كېلىپ

قالدى . بۇ تۆپىلىككە چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلىۋىدىم ، ئەينى يىلى ئەنجاندىن قېچىپ چىقىپ كابۇلغا كەلگەندىن بېرىقى ئىشلار خىيالىمغا كىرىۋېلىپ ، بىر ۋاخ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن .

— كۆڭۈللىرىنى تولا يېرىم قىلماي قەددىلىرىنى رۇسلىسىلا ئاغا . ھۇما قۇشى ئەمدى سىلىنىڭ باشلىرى تامان ئۇچۇۋاتقان ئوخشايدۇ .

مىرزا ھەيدەرنىڭ باش - ئاخىرى يوق سۆزلىرى سەئىدخاننى ئەجەبلەندۇردى .

— يوچۇنلا گەپ قىلىلىغۇ ئىنىم ؟

— مەن تېخى سىلىنى خەۋەر تېپىپ بولغان ئوخشايدۇ دەپتىمەن ، — دېدى مىرزا ھەيدەر كۈلۈمسىرەپ ، — خۇش خەۋەرگە قولاق سالغايلا ئاغا ، ماۋەرائۇننەھرگە 10 يىلدىن بېرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئەل - يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتقان شايبانىخان ئاخىر ئىران شاھى ئىسمائىلخان بىلەن مەرۋىدە ئېلىپ بارغان جەڭدە بېشىنى يەپتۇ . ئىسمائىلخان ئول ھۇججاجنى تۇتۇۋېلىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ . نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆككەن بۇ قانخورنىڭ قېنى ئۆزىنىڭ تويماس قارنىغا قۇيۇلۇپتۇ . يەرگە بىر تامچىمۇ ئاقماپتۇ . ئۆزى باشقىلارغا قىلغاندەك تۇنجۇقتۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ . زالىم پادىشاھلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك .

مىرزا ھەيدەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ شۇ ھامان سەئىدخاننىڭ كۆز ئالدىغا ئاشۇ زالىم شايبانىخان تەرىپىدىن قاپقا سولاپ ، دەريادا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن بەش نەپەر ئوغلى ھەمدە ئىنىسى

شاھزادە ئابدۇخېلىل خان كەلدى ، يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ ، كۆز جىيەكلىرى قىزاردى .

مىرزا ھەيدەر سەئىدخاننىڭ چىرايىغا قاراپ ، مەقسەتسىزلا ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى تاتىلاپ قويغانلىقىنى بىلىپ ، بىر نەچچە دەقىقە سۈكۈتتە تۇردى .

— ئەنجاندىن چاپارمەن كەلگەنىكەن . ئۆزلىرىگە تاپشۇرىدىغان مەخپىي مەكتۇپ بار دەيدۇ . كۆرۈشۈپ قويامىلا ئاغا ، — دېدى مىرزا ھەيدەر ئارىدىكى سۈكۈتنى بۇزۇپ ، بۇ خەۋەر سەئىدخاننىڭ ئازابلىق خىياللىرىنى چالغىتتى .

— قېنى ، ئۇل چاپارمەن ؟

مىرزا ھەيدەر يانباغرىدا ساقلاپ تۇرغان ئاتلىق كىشىگە قول ئىشارىتى قىلدى .

ئاتلىق كىشى تۆپىلىككە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى ـ دە ، سەئىدخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھزادە...

سەئىدخان بۇ كىشىگە شۇنداقلا قاراپ تۇرۇپلا قالدى . بۇ باشقا بىرسى ئەمەس ، ئەينى يىلى ئەنجاندا سەئىدخانغا خائىنلىق قىلىپ ، ئۇنى شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى جانبەگ سۇلتانغا تۇتۇپ بەرگەن ۋە كېيىن يەنە قاچۇرۇۋەتكەن خوجا ئېلى ئىدى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، — دېدى سەئىدخان بۇ ئىككى يۈزلىمچى ئادەمنىڭ سالىمىنى ئىلتىپاتسىزلا ئىلىك ئېلىپ ، — خوش ، بۇياققا كېلىپ قاپسىز سەركەردە .

«سەركەردە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خوجا ئېلى گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى . قولاشمىغان بىر ھەرىكەت

بىلەن قوينىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ، ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى .
سەئىدخان خەتنى تەئەججۇپلەنگەن هالدا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى :
«… شاھ ئىسمائىلخان شايبانىخاننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھردىكى ئۆزبېكلەر پاتىپاراق بولۇپ كەتتى . مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە بابۇر شاھنىڭ بۇ جايلارنى ئىلكىگە ئېلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى تۇرغانلا گەپ . شۇ ۋەجىدىن بىزلەركىم قۇلنەزەر مىرزا ، جاھانگىر مىرزا ، يادىكار مىرزا ، قۇتلۇق مىرزىلار شۇنداق مەسلىھەت قىلدۇقكى ، بۇ جايلارغا بابۇرشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كۆرە ، بۈيۈك موغۇلىستان خانىنىڭ پۇشتىپاناھى ، تەخت ۋارىسى بولمىش ئۆزلىرىدەك قەلەمدىمۇ ، ئەلەمدىمۇ كامالەتكە يەتكەن شاھزادىنىڭ خان بولۇپ سەلتەنەت سۈرۈشلىرىنى مۇۋاپىق كۆردۇق ھەمدە سەركەردە ـ لەشكەرلىرىمىزنى تەقلەپ يوللىرىغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇرۇپتىمىز . تەكلىپىمىزنى لايىق كۆرسىلە دەرھال يولغا چىققايلا…»
سەئىدخان مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ ، ئۆزىگە بىچارىلىك بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان خوجا ئېلىغا قاراپ سوغۇق كۈلدى .
— خوجا ئېلى ئاكا ، مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزنىڭ كامالەتكە يەتكەن جەڭبازلىق ماھارىتىڭىزگە ھەمدە جەڭلەردە كۆرسەتكەن باھادىرلىقىڭىزغا ھەقىقەتەن قول قويغانىدىم . گەرچە مەيلى تاغام سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ، مەيلى ئاكام سۇلتان مەنسۇرخاننىڭ ۋە ياكى مۇناپىق مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرى ئارامسىز قوغلاپ ، ھەرقاچان ھاياتىمىزغا ئېغىر تەھلىكە سېلىپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ، ھەم ياۋ ئوقى تاغنىقىمنى ئېغىر زەخىملەندۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ ھالىمدىن خەۋەر

ئالالمىغۇدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان ۋاقتىمدا يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماي، ھالىمدىن خەۋەر ئېلىپ، دوستلۇق مېھرىڭىزنى كۆرسەتكەن بولسىڭىزمۇ، ئەمما كېيىنكى باش سىغدۇرالىغۇدەك ئۆي، پۇت قويالىغۇدەك زېمىن تاپالماي تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەرگە قالغىنىمدا ئەقىدە، ساداقەت سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىڭىز، شۇنداقتىمۇ خام سۈت ئەمگەن بەندە نۇقسانسىز ئەمەستۇر دەپ سىزنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن ھەم ئەسلەپ تۇرغانىدىم. ئەمما ھالا بۈگۈنكى كۈندە باش سىغدۇرغۇدەك يەر، جاننى ساقلىغۇدەك جاي تاپالمىغىنىمدا بېشىمنى سىلىغان، ماڭا دوستلۇق، ۋاپا، ھىممەت، ئەقىدە قۇچىقىنى كەڭ ئاچقان مەردۇ ـ مەردانە بابۇرشاھ ئالىيلىرىدىن يۈز ئۆرۈشكە، ۋاپاغا جاپا قىلىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگىنىڭىزنى كۆرۈپ، شۇ تاپتا سىزدىن قاتتىق نومۇس قىلىۋاتىمەن. بىلىپ قويۇڭ، ئىنسان ئۈچۈن تاجۇ تەخت، بايلىق ـ سەلتەنەتتىنمۇ كاتتا بىر نەرسە ھەرقاچان زۆرۈردۇر. ئۇ بولسىمۇ ۋاپا ۋە مەردلىكتۇر. ئۆز ۋاقتىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ، خارۇ زارلىقتا ياشىغىنىمدا ماڭا بۇ مەكتۇپنى يازغان ئول سەركەردىلەر نەدە قالغانىكەن؟ ئەمدى ئەجەب ماڭا بۇ كاتتا ئىلتىپاتنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ قاپتىغۇ؟ شۇ تاپتا ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ سەلتەنەتنى ماڭا زىنھار بەرگۈسى يوق. ئەمما، ئۆزلىرىنىڭمۇ بۇ سەلتەنەتتە ئولتۇرۇشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك مەندەك بىر سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن موغۇلىستان شاھزادىسىگە ھاجىتى چۈشكەن. ئۇلار مەن ئارقىلىق ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، ئۆزلىرى خالىغىنىنى قىلماقچى، بېرىپ ئول بەگلىرىڭىزگە دەڭ. مەن ماۋەرائۇننەھرنىڭ تەخت ـ

سەلتەنەتىنى دەپ تاغام بابۇرشاھقا ۋاپاسىزلىق قىلسام، ئۇل چاغدا كىم بىر پارچە ئۈستىخان تاشلاپ بەرسە شۇنىڭغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىدىغان سەگ[1] دىن نېمە پەرقىم قالىدۇ؟ ئاغام بابۇر شاھنىڭ ماۋەرائۇننەھر، خارازىم ۋادىسىنىڭ تەخت - سەلتەنەتىنى ئىگىلىشىنى جانۇ - تېنىم بىلەن قوغدايمەنكى، ئۇنىڭغا زىنھار ئاسىيلىق قىلمايمەن. شۇنىمۇ يەتكۈزۈپ قويۇڭكى، ئۇل بەگلەر دەرھال ھوشىنى يىغىپ، بابۇر شاھنى ياقلىغاي ھەمدە ئۇنىڭ ئادالەت تۇغى ئاستىغا جەمئى بولغاي.

سەئىدخاننىڭ كەسكىن جاۋابىنى ئاڭلاپ خوجا ئېلى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلدى. سەئىدخان ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ مىرزا ھەيدەردىن سورىدى:

— يانلىرىدا ئاقچا بارمۇ ئىنىم؟

مىرزا ھەيدەر قويىندىن لىق بىر ھەميان تىللانى ئېلىپ سەئىدخانغا تەڭلىدى. سەئىدخان تىللانى ئېلىپ تۇرۇپ، خوجا ئېلىغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى.

— شۇ تاپتا بۇ ئىشتىن بابۇرشاھ ئالىيلىرى خەۋەر تاپىدىغان بولسا، كاللىڭىزنىڭ ئىككى دولىڭىز ئۈستىدە تۇرۇشى ناتايىن. بوپتۇ، مېنى ئەينى يىلى جانبەگ سۇلتاننىڭ قولىدىن قاچۇرۇۋەتكەن ياخشىلىقىڭىزنى قايتۇرغىنىم بولۇپ قالسۇن. كابۇلدىن ھازىرلا كېتىڭلار. ئىنساندەك ياشاي دېسىڭىز سۇخەنچىلىكنى تاشلاڭ. سەئىدخان قويىندىن بىر ھەميان تىللانى ئالدى - دە، جەمئىي ئىككى ھەميان تىللانى خوجا ئېلىغا تەڭلىدى:

— مەڭ، بۇ پۇل بىلەن ھالال تىرىكچىلىك قىلىڭ.

خوجا ئېلى ئىككى ھەميان تىللانى ئالماي يەرگە

---

① سەگ — لالما ئىت.

موككىدە تىزلاندى ـ دە ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى .
سەئىدخان ئىككى ھەميان تىللانى خوجا ئىلىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ ، مىرزا ھەيدەر بىلەن كابۇل شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى .
بابۇر شاھ سەئىدخان تاپشۇرۇپ بەرگەن مەخپىي مەكتۇپنى ئوقۇپ ، سەئىدخاننىڭ خوجا ئىلىغا بەرگەن جاۋابىنى مىرزا ھەيدەردىن ئاڭلاپ ، سەئىدخاننىڭ ۋاپادارلىق ، مەردلىكىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ، بۇ ئىككى بۈيۈك سەركەردىنىڭ دوستلۇقى يەنە بىر ھەسسە چىڭىدى .
بىر ھەپتە ئۆتكەندە بابۇرشاھ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ خۇراسان ، خارازىمگە ، سەئىدخان ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى ، مىرزاھەيدەر بىلەن بىللە خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ ، بىر قىسىم لەشكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەنجانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . سەئىدخان بىلەن بابۇر شاھ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى . سەئىدخان ئۆزىنى بىر نەچچە يىل قوينىغا ئېلىپ پەپىلەپ باققان كابۇل شەھىرىگە قىيمىغان ھالدا ئۇزاق نەزەر تاشلىدى .
— خەيرخوش ، كابۇل !
— خەيرخوش ، ئەزىز ماكان !

## — 10 —

ئەنجان شەھىرى بۇ قېتىم سەئىدخاننى كاتتا داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى . سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشچىلىقىدىكى ئەنجاننىڭ چوڭ ـ كىچىك ئەمىر ـ بەگلىرى شەھەردىن 9

چاقىرىم يىراقلىقتا ئىستىقبالغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى . ئۇلار سەئىدخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيدى . ئاتنىڭ ئۈزەڭگىسىنى سۆيۈش خاس سەئىدخانغا كۆرسىتىلىۋاتقان ھۆرمەتلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى سەئىد مۇھەممەد مىرزا باشچىلىقىدىكى بارلىق ئەمىر - بەگلەرنىڭ سەئىدخانغا بويسۇنغانلىقىنى بىلدۈرەتتى . ئەلۋەتتە بۇ بويسۇنۇش ئەنجانغا تەۋە بارلىق زېمىنلارنىڭ سەئىدخانغا تەۋە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

سەئىدخان ئۆزىگە كۆرسىتىلىۋاتقان بۇ كاتتا ھۆرمەتتىن چەكسىز ھاياجانلاندى . سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت - مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئۇلۇسبېگىلىك مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى .

سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۆز ۋاقتىدا سەئىدخاننىڭ تاغىسى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئوردىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمىرلەردىن ئىدى . ئۇ سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئاخسىدىكى مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ، شايبانىخاننىڭ نەۋرە ئىنىسى جانبەگ سۇلتاننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى . بۇ قېتىم شايبانىخان ئىسمائىلخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، ئۆزبېكلەرنىڭ يولباشچىسىز قالغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئەنجاندىكى بارلىق ئۆزبېك ئەمىر - بەگلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ پۈتكۈل پەرغانىنى بويسۇندۇرغانىدى . شۇ ئارىلىقتا ئۇ بىر قىسىم دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ سەئىدخاننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر تەخت - سەلتەنىتىدە ئولتۇرغۇزۇش مەسلىھىتىنى قىلىپ ، مەكتۇپ يازغانلىقىنى

ۋە بۇ تەكلىپنى سەئىدخاننىڭ كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ سەئىدخاننىڭ ئەنجانغا قاراپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىستىقبالغا چىقتى – دە، ھۆرمەت، ساداقىتىنى بىلدۈردى.

ئەنجان شەھىرىگە كاتتا دەبدەبە بىلەن كىرگەن سەئىدخان ئوردا سارىيىدا بارلىق قەلەمدار – ئەلەمدار بەگلەرنى رەسمىي يوسۇندا بىر قېتىم قوبۇل قىلدى. لەشكىرىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئەنجان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى باغقا چىقىپ قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا سالام بەردى. ھەش – پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ۋاقىت ئەنە شۇنداق تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.

لەشكىرىي ئىشلارغا مەسئۇل بولغان سەئىد مۇھەممەد مىرزا يېڭىدىن لەشكەر ئېلىش، لەشكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، جەڭ قورال – ياراغلىرىنى ياسىتىش، ئوزۇق – تۈلۈك غەملەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. مىرزا ھەيدەرمۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئاران كۆرۈشكەن بۇ تاغىسىدىن بىر قەدەم نېرى بولماي ياردەملىشىۋاتاتتى. ئۇ تاغىسىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە سەئىدخان تەرەپتە تۇرۇپ ھەق – ئادالەتنى ياقلىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى. تاغىسىدىن جەمەتىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدى، دەپ بەكمۇ سۆيۈنەتتى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلاپ كەلگەن بىرخىل ئىچكى تۈيغۇلار شۇ كۈنلەردە خېلىلا يەڭگىللەپ قالغانىدى. ئۇ سەئىدخاننىڭ دادىسى سۇلتان ئەھمەدخاندىن يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرنى تارتىۋېلىپ موغۇلستان خانلىرىنىڭ ئەشەددىي رەقىبىگە ئايلانغان تاغىسى مىرزا ئابابەكرىنىڭ

چىرايىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ ، ئۇنى نەۋرە ئاكىسى سەئىدخانغا ئوخشاشلا دۈشمەن قاتارىدا كۆرەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەڭ ئازابلىغىنى دادىسى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆرەگانى بولدى . ئۇ دادىسىنى بابۇر شاھقىمۇ ، ھەم سەئىدخانغىمۇ خائىنلىق قىلىدۇ دەپ زىنھار ئويلىمىغانىدى . مىڭ ئەپسۇسكى ، ئۆز جىيەنلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ شايبانىخانغا ئەل بولغان دادا ئاخىرقى ھېسابتا ئاشۇ قانخور شايبانىخاننىڭ قىلىچىدا ئۆلتۈرۈلگەنىدى . گەرچە بابۇر شاھ بىلەن سەئىدخان بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالمىغان ، ئەكسىچە ئۇنىڭغا دوستلۇق مەرھەمەتىنى كۆرسىتىپ ، قېرىنداشلارچە مېھىر - شەپقەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، بۇ ئىشلارنى ھەر قېتىم ئېسىگە ئالغىنىدا ۋۇجۇدى نومۇستىن ئاچچىق ئۆرتىنەتتى . خىزمەت كۆرسىتىپ تاغىسى بىلەن دادىسىنىڭ گۇناھىنى يۇيۇشنى ئويلايتتى . مانا كۈتمىگەن يەردىن شايبانىخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسى جانبەگ سۇلتان قاتارلىق ئۆزبېك سۇلتانلىرىغا سېتىلىپ كەتتى ، دەپ ئۇمىدىنى ئۈزگەن تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىنىڭ ئەنجاندىن ئۆزبېكلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ پەرغانە ۋادىسىنى بابۇرشاھ بىلەن سەئىدخانغا تەقدىم قىلىشى ئۇنى بىردىنلا كۆڭۈل ئازادىچىلىكىگە ئېرىشتۈرگەنىدى .

— سىزنىڭ ئەينى يىللاردا نېمە ئۈچۈن ئاشۇ قانخور ئىككى يۈزلىمچى تاغام مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىزمىتىدىن باش تارتىپ ، ئەنجانغا كېلىپ سۇلتان مەھمۇدخان ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقىڭىزنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن تاغا ، — دېدى مىرزا ھەيدەر تال - باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا سېلىنغان تەتىللا يېكەندازدا ئولتۇرۇپ

چاي ئىچىۋاتقان تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا قاراپ، — ئەسلىدە سىز قېرىنداشلىقتىنمۇ ئادالەت، ساداقەت ۋە مەردلىكنى ئەلا بىلگەن ئىكەنسىز، جەننەتماكان پەدەرىمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقىنى ئويلىسام ھېلىمۇ ھەم قاتتىق ئۆيىلىمەن.

— بۇنچە ھەسرەت چېكىش ھاجەتسىز، ئەزىز ئوغلۇم، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا قولىدىكى پىيالىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، — ئازماس ئاللا، بىز ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندىلەرمىز، پەدەرلىرىنىڭ ئول خاتالىقى ئۈچۈن ئەمدى ھەسرەت چېكىپ يۈرمىسىلە، چۈنكى دادىلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېزىپ قالغىنى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرى ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، بىھېساب ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەن. دوستلۇق، ساداقەتمەنلىكنى ۋايىغا يەتكۈزگەن. ئەمما، ئاكام مىرزا ئابابەكرى بولسا ئاش بەرگەن قازاننى چاققان ھەقىقىي بىر تۇزكور تەخت ئوغرىسىدۇر. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ زۇلۇمىدىن ياركەنت، قەشقەر، خوتەن پۇقرالىرىنىڭ بىر كۆزىدىن قان، بىر كۆزىدىن يىرىڭ ئاقماقتا. مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ - نەپرىتىم ھېلىمۇھەم پەسەيگىنى يوق. بىز چوقۇم ئول ئەل - يۇرتنى زالىم ئاغىمىزنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھەقىقىي تەخت - سەلتەنەت ئىگىسى بولمىش شاھزادە سەئىدخان ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ۋىجدانىي قەرزىمىز.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ مىرزا ھەيدەر بىرئاز ئويلىنىپ قالدى.

— سىلچە شاھزادە سەئىدخان ئالىيلىرى ئەنجاننى تاشلاپ ئاتا مىراس ئۇل يۇرتلارغا بېرىشقا ماقۇل بولارمۇ، تاغا؟

— پەرغانە ۋادىسى شاھزادە سەئىدخان ئالىيلىرىغا ئۆمۈرلۈك ۋەتەن بولالمايدۇ، ئوغلۇم، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئويچانلىق بىلەن، — گەرچە ئۆزىنى ماۋەرائۇننەھر، خارازىم، ۋە پەرغانە ۋادىسىنىڭ قانۇنلۇق مىراسخورى دەپ قارايدىغان بابۇر شاھ ئالىيلىرى سەئىدخان ئالىيلىرىنىڭ بۇ ھودۇدلۇققا ھۆكۈمران بولۇشىغا قوشۇلسىمۇ، لېكىن رەزىل ئۆزبېك سۇلتانلىرى زىنھار تىنچىمايدۇ. شاھزادە ئالىيلىرىنىڭمۇ ئاتا مىراس ئۇل يۇرتلارنى تەرك ئېتىشى ناتايىن. يەنە بىر تەرەپتىن سەئىدخان ئالىيلىرىغا مۇستەھكەم، قۇدرەتلىك بىر خانلىق قۇرۇپ، سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۇچۇن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئۇل يۇرتلاردىنمۇ مۇۋاپىق بىر يۇرت ـ ماكان يوقتۇر. بىلمىدىم، شاھزادە ئالىيلىرى مېنىڭ بۇ مۇددىئايىمغا نېمە دەركىن؟

— ھەرھالدا مۇددىئالىرىنى شاھزادە ئالىيلىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزگەنلىرى ئەۋزەل.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى ئالدىراش كىرگەن چاپارمەن ئۈزۈپ قويدى.

— مەلۇم بولغاي، جانبەگ سۇلتان باشچىلىقىدىكى 15 مىڭ ئۆزبېك لەشكىرى ئەنجانغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ.

سەئىد مۇھەممەد مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن جانبەگ سۇلتان قاتارلىق ئۆزبېك رەزىللىرىنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملىگەن

بولساموٴ ، لېكىن بوٴنچە تېز كېلىشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن . پەرمان ، بارلىق سەركەردىلەر لەشكىرىي دىۋانغا يىغىلسوٴن ، جىددىي كېڭەش بار .

لەشكىرىي دىۋان سوٴرلوٴك توٴسكە كىرگەندى . بارلىق سەركەردىلەرنىڭ كوٚزلىرى توٚردىكى يولۋاس تېرىسى سېلىنغان شاھ سوٴپىسىدا ئولتوٴرغان سەئىدخان بىلەن سەئىد موٴھەممەد مىرزىغا تىكىلگەندى .

— ئەنجان جانابلىرىغا بەش قولدەك ئايان ، — دېدى سەئىدخان سەئىد موٴھەممەد مىرزىغا قاراپ ، — لەشكىرىي تەدبىرنى سىلىنىڭ ئاغزىلىرىدىن ئاڭلايلى .

— كاسان قەلئەسى ئەنجاننى ساقلاشتىكى موٴھىم ئوٚتكەلدوٴر ، — دېدى سەئىد موٴھەممەد مىرزا سوٚز باشلاپ ، — كاسان قەلئەسىنى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىق ئەنجاننى ساقلاپ قېلىش ـ قالالماسلىقىمىزغا باغلىق . ياۋ لەشكەرلىرى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزدىن نەچچە ھەسسە ئارتوٴق . شوٴڭلاشقا ، بارلىق لەشكەرلىرىمىزنى كاسان قەلئەسىنى قوغداشقا ئەۋەتسەك چوڭ خەتەرگە تەۋەككوٴل قىلغان بولىمىز . ياۋغا بىزنىڭ لەشكىرىي ئەھۋالىمىز نامەلوٴم . شوٴڭلاشقا ، موٴشوٴ پايدىلىق پوٴرسەتتىن پايدىلىنىپ ، لەشكەرلىرىمىزنى بىرنەچچە بوٚلەككە بوٚلوٴپ ، ياۋنى ساراسىمىگە سېلىش تەدبىرىنى ئىشلەتكىنىمىز ئەۋزەل ، — سەئىد موٴھەممەد مىرزا سەركەردىلەرگە بىر قوٴر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتوٴردى ، — پەرمان ، سوٴلتان يادىكار مىرزا توٚت ياندىش سەركەردە بىلەن ئىككى مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ كاسان قەلئەسىنى موٴھاپىزەت قىلغاي ، ھەرقانداق ئەھۋال يوٴز بېرىشتىن قەتئىينەزەر

لەشكىرىي پەرمان بېرىلمىگۈچە زىنهار چېكىنمىسىگەي ، بەگچەك مىرزا بىلەن ئىككى ياندىاش سەركەردە مىڭ لەشكەر بىلەن كاسان قەلئەسىنىڭ سىرتىدىكى كۆنگەي تاغدا مۆكتۈرمىدە تۇرغاي . مەن ئىككى ياندىاش سەركەردە ، مىڭ لەشكەر بىلەن تەسكەي تەرەپتە مۆكتۈرمىدە تۇرىمەن . ياۋ لەشكەرلىرى كاسان قەلئەسىگە يېقىنلاشقان هامان ئىككى تەرەپتىن تەڭ پاراكەندە قىلىپ ، ياۋنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ، يا ئىلگىرىلىيەلمەيدىغان ، يا چېكىنەلمەيدىغان ۋە ياكى هۇجۇم قىلالمايدىغان ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويىمىز . مۇشۇنداق قىلساق ياۋ لەشكەرلىرى بىرىسى ئىككى هەپتە ، نېرىسى بىر ئايدا ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ ، جەڭگىۋارلىقى سۇسلىشىپ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ .

— مەنچۇ ؟ مەن نېمە ئىش قىلىمەن ، جانابىي ئۇلۇسبېگى ؟ — دېدى سەئىدخان .

سەئىدخاننىڭ كۈتمىگەن بۇ سوئالىنى ئاڭلاپ سەئىد مۇهەممەد مىرزا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ ئېهتىرام بىلەن قول باغلىدى .

— شاهزادە ئالىيلىرى بىزنىڭ پاسىبانىمىزدۇر . شۇڭلاشقا ئەنجاننى ساقلىغاچ بىز نۆكەرلىرىگە مەدەت بەرگەيلا .

— بۇنداق قىلسام تەييارغا هەييار بولۇپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولۇپ قالامدىمەن . ئەي ئەزىز تاغا ، هېلىمۇ شاپائەتلىرى بىلەن هېچقانداق تۆهپىسىزلا ئەنجانغا ئېرىشتىم . يېتەر ئەمدى . مەنمۇ قىلىچ يالىڭاچلاپ ياۋ بىلەن ياغى قىلغايمەن .

سەئىدخاننىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن

سەئىد مۇھەممەد مىرزا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى .

— مەيلى ئۇنداق بولسا ئالىيلىرىنىڭ دېگىنىچە بولسۇن .

شۇنداق قىلىپ سەئىدخان ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى ، مىرزا ھەيدەر بىلەن 700 نەپەر خاس نۆكىرىنى باشلاپ ئاخسى قەلئەسى تەرەپتە مۆكتۈرمىدە تۇرۇپ ، ياۋنى ئارقا تەرەپتىن پاراكەندە قىلىدىغان بولدى .

15 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق ۋە پىيادە سەركەردە لەشكەرلىرىنى باشلاپ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان جانبەگ سۇلتان سىلىق ، ئەمما ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان ئەرەب ئېتىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ پۇشايمانلىق خىياللارغا ئەسىر بولغانىدى . ئۇ نەۋرە ئاكىسى شايبانىخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ سەمەرقەنتتىكى تەختىنى ئىگىلەشكە ئالدىراپ ، ئەنجانغا بولغان نازارەتچىلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان يەۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئەينى يىلى سۇلتان مەھمۇدخان ئوردىسىدا يۇقىرى دەرىجىلىك مەرتىۋە تۇتقان سەئىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي ، تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكىنى ، سەمەرقەنتتىكى كېڭەشتە ئۆزبېك ئەمىرلىرىنىڭ شەرقىي موغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە بارلىق ئەمىر ـ بەگلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا قوشۇلماي ئۇنى قويۇۋەتكەنلىكى كۆز ئالدىغا كېلىپ ئىچى ئوغىغا لىق تولدى . مانا ئەمدى ئۇنىڭ كاتتا شەپقىتىگە نائىل بولغان سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەھمەت ـ تەشەككۇر ئېيتماقتا يوق ، ئەنجاندىكى ئۇيغۇرلارنى قۇترىتىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، ئۆزبېكلەرنى

قوغلاپ چىقارغاننى ئاز دەپ، بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ شەپقىتىگە نائىل بولۇپ، ئۆلۈمدىن خالاس قىلىنغان شەرقىي موغۇلىستان شاھزادىسى سەئىدخانغا ئەنجاننى قوش قوللاپ تۇتۇپ، بىرلىشىۋالغاندى. جانبەگ سۇلتاننىڭ چىشلىرى غەزەپلىك غۇچۇرلايتتى. كۆزى قانغا تولغانىدى. بۇ نۆۋەت سەئىدخان بىلەن مۇھەممەد مىرزىنى تۇتۇۋالسا، قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن ئازابلاپ ئۆلتۈرۈپ پۇخادىن چىقىش ھەققىدە باش قاتۇراتتى.

جانبەگ سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى كاسان قەلئەسى كۆرۈنگۈچە يول بويى ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسىدىن سەئىدخانلارنىڭ قورققانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشەندى ـ دە، كۆڭلىگە قىلچىلىك شەك كەلتۈرمەي، پۈتۈن قوشۇنى بويىچە كاسان قەلئەسىگە قاراپ شىددەتلىك ئىلگىرىلىدى.

چاشكا ۋاقتى.

كاسان قەلئەسىگە ئىككى چاقىرىم ئارىلىق قالغاندا توختاپ، قەلئەنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئايغاقچى ئەۋەتىشكە تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان جانبەگ سۇلتان تۆت تەرەپتىن ئاڭلانغان ھەيۋەتلىك چۇقان ـ سۈرەن ساداسىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى. ئەسلىدە سەئىدخاننىڭ مۆكتۈرمىدە تۇرغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ياۋغا ھاردۇق ئېلىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي تەڭلا ھۇجۇمغا ئۆتكەنىدى.

جانبەگ سۇلتان قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن سەركەردىلىرىگە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە پەرمان بەردى. قىر ـ چاپ سادالىرى پەلەككە ياڭرىدى. ھېرىپ قالغان ئۆزبېك لەشكەرلىرى ساراسىمىگە چۈشۈپ جەڭگىۋارلىقى

يوقالغانىدى . شۇڭلاشقا ، ئۇلار جېنىنى ساقلاش كويىغا چۈشتى . شىددەتلىك جەڭ قاش قارايغانغا قەدەر داۋاملاشتى . قاتتىق يېڭىلگەن جانبەگ سۇلتان نۇرغۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ ، قالدى - قاتتى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن يولى بويىچە قاچتى .

كاسان قەلئەسىنى غەلىبە خۇشاللىقى قاپلىدى . قەلئە ئىچى يۈزلىگەن مەشئەللەر بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى . سەئىدخان جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ سەركەردە - لەشكەرلىرىگە زىياپەت بېرىپ ، سەركەردىلىرى بىلەن شاراب ئىچىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا ھۆدەيچى بەگ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قول باغلىدى .

— شاھزادە ئالىيلىرىغا جىددىي مەلۇمات بار .

— سورۇن ئەھلى قىزغىن پاراڭدىن شاپپىدە توختاشتى . سەئىدخان ھۆدەيچى بەگكە قاراپ قاپىقىنى تۈردى .

— ئىجازەت ، سۆزلە .

— مەلۇم بولغايكى ، ياركەنت ، قەشقەر ئەمىرى مىرزا ئابابەكرى 20 مىڭ خىللانغان سەركەردە - لەشكەرلىرى بىلەن ئەنجانغا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ .

كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەر سورۇندىكى بارلىق سەركەردىلەرنى قاتتىق چۆچۈتتى . ئەشەددىي ئاتا رەقىبىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان سەئىدخان سەئىد مۇھەممەد مىرزىغا لاپپىدە قارىدە - دە ، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ سورىدى :

— مەلۇماتنى ئوچۇقراق بايان قىل .

— ھۆدەيچى بەگ چاپارمەندىن ئالغان مەلۇماتنى

تەپسىلىي بايان قىلدى. ئەسلىدە شايبانىخاننىڭ ئىران خانى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان مىرزا ئابابەكرى 20 مىڭ لەشكەرنى تاللاپ، تېز سۈرئەتتە يول يۈرۈپ پەرغانە رايونىغا قاراشلىق مادۇ، ئوش شەھەرلىرىنى بېسىۋالغانىدى. ئۆزبېك سۇلتانلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرغان سەئىدخانلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىدى. پۈتكۈل پەرغانە ۋادىسىنى تەسەررۇپىغا ئېلىشقا ئالدىراپ قالغان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن كاسان قەلئەسىدە جانبەگ سۇلتان بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئەنجاننى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، پۈتۈن قوشۇنى بىلەن يولغا چىققانىدى.

— ئەسلىدە مەن ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا بېرىپ بولغۇچە ئۆزى ئالدىمغا كەپتۇ - دە، ئۇل تۈزكور مۇناپىق، — دېدى سەئىدخان چىرايىغا ئاچچىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— پەرمان، بارلىق سەركەردە - لەشكەرلەر دەرھال ئەنجانغا قاراپ يولغا چىققاي.

— سەل - پەل تەخىر قىلغايلا ئالىيلىرى، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئورنىدىن تۇرۇپ، — كاسان قەلئەسىدىن پۈتۈن سەپ بويىچە لەشكەر چېكىندۈرۈشكە زىنھار بولماس. بۈگۈن قاتتىق تالاپەت يېگەن جانبەگ سۇلتان پەمىمچە ئانچە ئۇزاققا چېكىنمىسىدى، ئۇ چوقۇم ئەتراپتىكى ئۆزبېكلەردىن لەشكەر توپلاپ كاسان قەلئەسىگە يەنە تېگىش قىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، سۇلتان يادىكار مىرزا تۆت ياندىش سەركەردە، مىڭ نەپەر لەشكەر بىلەن

بىرلىكتە قەلئەنى قاتتىق مۇداپىئە قىلغاي . قالغان سەركەردە لەشكەرلەر ئەنجانغا قاراپ ھازىرلا يولغا چىققاي .

سەئىدخان سەئىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئۇلار يەنىمۇ تەپسىلىي ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن 100 نەپەر ئاتلىق چارلىغۇچى ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن ، ئۆزلىرىمۇ ئاساسلىق قوشۇن باشلاپ يولغا چىقتى .

سەئىدخانلار ئاتلىق چارلىغۇچىلارنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسەن ، تاڭ سەھەردە ئەنجان شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى تۇتلۇغ دېگەن جايدا بارگاھ قۇرۇپ مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توستى .

ئەنجاننى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن قولغا كىرگۈزۈش خىيالىدا جان ـ جەھلى بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ ئاللىقاچان ئالدىنى توسۇپ ، سەپ تۈزۈپ تەخ بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى . سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى ھورۇنلۇقتا ئەيىبلەپ ، تىللاپ ئاچچىقىنى چىقاردى . ئىككى قوشۇن ئارىلىق قالدۇرۇپ ، سەپ تۈزۈپ ، مەيدان جېڭىگە ھازىرلاندى .

— ئەي يارىماس ئەھمەدخاننىڭ خام سويمىا بەچچىسى ، — دەپ تىل سالدى سەپنىڭ ئالدىغا چىققان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخانغا قاراپ ، — شول تاپتا ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىۋاتقىنىڭنى بىلىۋاتامسەن ؟ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ، بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلە . خۇدا دىلىمغا ئىنساب بېرىپ قالسا ، جېنىڭنى ئامان قويۇپ ، ئاغۋات ـ كېنىزەكلىرىم قاتارىدا خىزمىتىمگە سالغايمەن .

بۇ ھاقارەتنى ئاڭلىغان سەئىدخان سالماقلىق بىلەن ئىنىسىنى دىۋىتىپ سەپىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭغا سەئىد مۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ھەيدەر قاتارلىق 10 نەچچە سەركەردە يانداشتى.

— ئەي، تەخت ئوغرىسى، — دېدى سەئىدخان، — مەن سېنىڭ نامەرد، زالىملىقىڭنى ئاڭلىغان بولساممۇ، مەزلۇم كىشىلەرگە خاس زوۋۇاندارلىقىڭنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. شۇل تاپتا ئۆزۈڭنىڭ جەڭ مەيدانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئېسىڭدىن چىقارما. جەڭنى مەزلۇم كىشىلەرگە ئوخشاش تىل - ھاقارەت بىلەن قىلىش ئەركەكلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. كىمنىڭ باھادىر، مەرد يىگىت ئىكەنلىكى ھېلى مەلۇم بولىدۇ، قېنى جەڭگە ھازىرلان.

سەئىدخاننىڭ بۇنچە سۆزمەن، جاسارەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان مىرزا ئابابەكرى سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدى - دە، تىلى تۇتۇلدى. شۇ ئەسنادا سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئىنىسىنى دىۋىتىپ ئالدىغا 10 نەچچە قەدەم چىقتى - دە، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ مىرزا ئابابەكرىگە سالام بەردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغا.

مىرزا ئابابەكرى ئىنىسىنى تونۇپ غەزەپتىن غال - غال تىترىدى:

— كۆزۈمدىن يوقال ئەي سەگ، مەن سېنىڭ ئاغاڭ ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — بىر پارچە ئۇستىخاننى كۆرگەندە سەگ سەگنى تونۇمايدۇ. گەرچە ئۇ ئۆز قېرىندىشى بولسىمۇ، ئى

ئاغا، شۇ تاپتا سىزنىڭ ئادەملىرىڭىزدىن قاچان سەگكە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىڭىزنى كۆڭلۈمدە قىلچىلىك گۇمان قالمىغان بولسىمۇ، بىر ئەمچەكنى تارتىشىپ ئەمگەن قېرىنداشلىقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر نەچچە كەلىمە نەسىھەت قىلاي. ئاڭلاش - ئاڭلىماسلىق ئىختىيارىڭىزچە بولسۇن. ئى ئاغا، شۇ تاپتا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرغىنى ئەينى يىلى سىز تەخت - سەلتەنەتنى سۈيىقەست بىلەن تارتىۋالغان سۇلتان ئەھمەدخان ئالىيلىرىنىڭ شاھزادىسىدۇر. نەچچە ئون يىلدىن بېرى قىلغان يامانلىقلىرىڭىز يېتەر. ئەمدى تەختنى ھەقىقىي مىراسخورغا چىرايلىقچە تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ئۆزىڭىزگە ئايان، ئەل - يۇرت زۇلۇمىڭىزدىن جاق تويدى. سىزدىن بىزار بولدى. شاھزادە ئالىيلىرى لەشكەر تارتىپ بارسىلا رەئىيەت سىزگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇل چاغدا تەخت - سەلتەنەت تۇگۇل جېنىڭىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايسىز. نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ ئاتتىن چۈشۈڭ - دە، قىلىچىڭىزنى تاشلاپ شاھزادە ئالىيلىرىدىن گۇناھىڭىزنى تىلەڭ.

— ئەي، يۈنداخور سەگ. يېقىمسىز قاۋاشلىرىڭنى توختات، — دېدى مىرزا ئابابەكرى چىچاڭشىپ، — مەن سەندەك بىكۇيۇم، نامەرد، ۋاپاسىز قېرىندىشىم بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىمەن. شۇنى بىلىپ قالكى، قولۇمغا تىرىك چۈشۈپ قالىدىغان بولساڭ، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىپ، تېرەڭگە سامان تىقماي قويمايمەن.

يەنە ئازتۇقچە نەسىھەتنىڭ ئېغىز ئۇچىدىن باشقا ئىش ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەركەردە - لەشكەرلەرنى جەڭگە ئاتلىنىشقا پەرمان بەردى.

جەڭ ئاجايىپ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. سەئىدخاننىڭ ئىككى تەرەپكە مۆكتۈرمىگە قويغان لەشكەرلىرى ھەيۋەتلىك چۇقان - سۈرەن سادالىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ سارىسىمىگە سېلىۋەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي خاقانى سۇلتان ئەھمەدخاننىڭ شاھزادىسى بىلەن روبىرو كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ قىلىشتىن رايى قايتىپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇلار زالىم مىرزا ئابابەكرىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى. كۆڭۈللىرىدە ئادالەتلىك، قابىلىيەتلىك بىر سۇلتانغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭلاشقا، جەڭ مىرزا ئابابەكرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ جەڭگە باھادىرلىق بىلەن ئىشتىراك قىلغان مىرزا ھەيدەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا يازغان شاھانە ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» گە «...ئۇلار شۇ قەدەر قاتتىق جەڭ قىلدىكى، ئاقىۋەت تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن غالىبىيەت سۇلتان سەئىدخانغا يار بولدى. مىڭ بەش يۈز كىشى بىلەن يىگىرمە مىڭ بەش يۈز كىشىنى مەغلۇپ قىلدى. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ كۆرۈلدى...» دەپ يازدى.

مىرزا ئابابەكرى ئازغىنا لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى. ئۇنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى سەئىدخانغا ئەسىرگە چۈشكەنىدى. ئەسلىدە شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ئەسىرلەر ئۆلتۈرۈلەتتى ياكى ئاختا قىلىنىپ قۇل ئورنىدا ئېغىر ئەمگەككە سېلىناتتى. ئەمما كەلگۈسى ياركەنت، قەشقەر، خوتەن دىيارلىرىنى تەسەررۇپىغا ئېلىشنى پىلانلىغان سەئىدخان ئۇستازى ئايازبېك قۇشچى، سەئىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ مەسلىھەتى

بويىچە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمىدى . تەن جازاسىمۇ بەرمىدى . ئۇلارنىڭ ئۆزىگە لەشكەر بولۇشىنى خالايدىغانلارنى قىلىشقا ، خالىمىغانلىرىنى يۇرت ـ ماكانىغا كېتىشكە پەرمان بەردى .

سەئىدخاننىڭ كەڭ قورساقلىق ۋە ئادالەت بىلەن چىقارغان ھۆكۈمىدىن تەسىرلەنگەن ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسى سەئىدخانغا لەشكەر بولدى . شۇنداق قىلىپ سەئىدخاننىڭ كۈچى زورايدى . نام ـ شۆھرىتى ئەتراپتىكى يۇرتلارغا ، ھەتتا ياركەنت ، قەشقەرگىچە تارالدى .

بۇ چاغدا خۇراسانغا يۈرۈش قىلغان بابۇر شاھمۇ سەمەرقەنت تەختىنى ئىگىلەپ ، بۇ يەردىكى ئۆزبېكلەرنى بويسۇندۇرغاندى . لېكىن ، غەلىبە كۆنلىرى ئۇزۇن داۋاملاشمىدى . سەئىدخان بىلەن بابۇر شاھقا يېڭىلگەن ئۆزبېك سۇلتانلىرى تاشكەنتكە يىغىلىپ قايتىدىن ئىتتىپاق تۈزدى . ياندۇرقى يىلى باھاردا بابۇر شاھ بۇخارا ئەتراپىدىكى جەڭدە ئۆزبېك خانى ئەبەيدۇللا سۇلتانغا يېڭىلىپ ، سەمەرقەنتنى تاشلاپ ھىسارغا چېكىندى . شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېكلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئەسلىگە كېلىپ قايتىدىن كۈچلىنىشكە باشلىدى .

بابۇر شاھقا ياردەمگە ماڭغان سەئىدخانمۇ تاشكەنتكە يېقىن قالغاندا ئۆزبېك ئەمىرى سۆيۈنچخاننىڭ 7000 كىشىلىك خىللانغان ئاتلىق قوشۇنغا يېڭىلىپ ئەنجانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى . سۆيۈنچخان سەئىدخاننى تولۇق تارمار قىلىش ئۈچۈن ئەنجانغا ئاتلاندى . . .

مانا مۇشۇنداق پايدىسىز ۋەزىيەتتە سەئىدخان ئۇستازى ئاياز بېك قۇشچى ، سەئىدمۇھەممەد مىرزىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، لەشكەرلەرنى بىر يەرگە جۇغلىۋالماي ،

مۇھەممەد قەلئە، قورغان، ئۆتكەللەرگە مۇقىم لەشكەر تۇرغۇزۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش، قايسى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۇچرىسا تەڭ ھەمدەمدە بولۇش، بۇ ئارقىلىق ئۆزبېك لەشكەرلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قايمۇقتۇرۇش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەنجاننى ساقلاشقا سەئىد مۇھەممەد مىرزا، كاسان قەلئەسىنى ساقلاشقا مىرقۇلى بارلاس، مەرغىلاننى ساقلاشقا مىرايىم ئېلى مىرزا مەسئۇل بولدى. سەئىدخان ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ھەيدەرلەر بىلەن ئايالللار ۋە بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، بىر قىسىم لەشكەرلەر بىلەن ئەنجاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشتى. بۇ چاغدا ئەنجانغا زور دەبدەبە بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن سۆيۈنچخان سەئىدخاننىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش تاكتىكىسىنى بىلگەندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالماي سەمەرقەنتكە چېكىنىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سەئىدخان لەشكەر تارتىپ تاشكەنتتىكى مۇھىم ئۆتكەل ئاھاڭگىراننى ئىشغال قىلىۋالدى.

سەئىدخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن لەشكىرىي تەدبىرىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئۆزبېك سۇلتانلىرى قايتا ھۇجۇم قىلىپ كېلىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مەزگىللىك نىسپىي تىنچلىق ئەسلىگە كەلدى.

سەئىدخان مانا مۇشۇ تىنچلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ تەھدىت سېلىۋاتقان ئۆزبېك سۇلتانلىرىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دەشتى قىپچاق دالىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قازاق سۇلتانى قاسىمخان بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش

ئۇچۇن چۇ دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان قازاق پايتەختى چۇدەگە باردى. 300 مىڭ كىشىلىك غايەت زور قوشۇنغا ئىگە سۇلتان قاسىمخان سەئىدخاننى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئۆزبېكلەرگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش توغرۇلۇق كېلىشىم تۈزۈشتى. قۇدرەتلىك بىر دوستقا ئېرىشكەن سەئىدخان ئەنجانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەۋرە ئىنىسى ھەم يېقىن دوستى مىرزا ھەيدەرگە سىڭلىسى ئەفرۇزە سۇلتان خېنىمنى نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا كۆرەگانلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى.

خېلىلا خاتىرجەملىككە ئېرىشكەن سەئىدخاننىڭ قەلبىدە ئەمدى يېڭىدىن ئارزۇ - ئىستەك يېلىنجاشقا باشلىغانىدى. ئۇ بولسىمۇ ھېچقانداق بىر خان - سۇلتانلارنىڭ ھامىيلىقىغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل بىر خانلىق قۇرۇش ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئەنجاننى ھېلىمۇ نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىن دەپ قارايتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي - خىيالى خانلىق تەختىنى نەدە تىكلەشتە قالغانىدى. ئەلۋەتتە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، بوۋاق ۋاقىتلىرىدا ئايرىلغان ياركەنت، قەشقەر، خوتەن دىيارىنى پات - پات ئېسىگە ئالاتتى.

## — 11 —

مىلادىيە 1514 - يىلى، ياز.

ئەنجان كوچىلىرى چىلىگە پۈرايتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلاردىن ئۆرۈك، چىلگە - قوغۇنلارنى ئېلىپ

كىرگەن دېھقانلارنىڭ كۆزلىرى شەھەر بايۋەچچىلىرىگە
تەمەگەرلىك بىلەن تىكىلگەنىدى . يۈزلىگەن چۈشىنلار چىلگە
شاپاقلىرى ۋە ۋىل - ۋىل قىلىپ پىشقان ئۆرۈكلەرنىڭ
ئەتراپىدا بېزەڭلىك بىلەن گىژىلدايتتى . دۇكاندارلار ، چار
بازارچىلار ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار . . . چۈشىن قورۇشقىمۇ
خۇشياقماي مۈگدىشەتتى . ئومۇمەن شەھەر خەلقى ھەر قانداق
ۋەھىمىدىن خالىي ، غەمسىز ئىدى . ئەمما ، ئوردىنى بۇ
كەيپىياتقا يات ھالدا بىر جىددىيلىك ، ۋەھىمە قاپلىغانىدى .
ھەيۋەتلىك تەختتە ئولتۇرغان سەئىدخانمۇ ، تەختنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغان ئۇلۇسبېگى سەئىدمۇھەممەد
مىرزىمۇ ھەمدە تۆۋەندىكى كۇرسىلاردا ئولتۇرۇشقان
قەلەمدار ، ئەلەمدار ، ئەمىر - بەگلەرنىڭ چىرايىدىمۇ بىر
خىل جىددىيچىلىك تۇمانلىرى ئەگىيتتى . بۇ جىددىي
كەيپىياتتىن ئوردىدا مۇھىم كېڭەش بولۇۋاتقانلىقىنى پەرەز
قىلماق تەس ئەمەس ئىدى ، ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى
ئىنىگە كىرىۋالغان چاشقاندەك جىمىپ كەتكەن ئۆزبېك
سۇلتانلىرى بۇ يىل ياز كىرگەندىن بېرى سۆيۈنچىخان
سۇلتاننىڭ باشچىلىقىدا 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن
تەشكىللەپ ئەنجانغا يۈرۈش قىلغانىدى . بۇ ھەقتە
ئايغاقچىلىرىدىن ئىشەنچلىك مەلۇمات ئالغان سەئىدخان
بۈگۈن ئوردىدا جىددىي كېڭەش چاقىرغانىدى ، گەرچە بىر
ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، ئەمىرلەرنىڭ گېپى بىر
يەردىن چىقمايۋاتاتتى . ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ
مەيدان جېڭى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ ، بۇنىڭدىن
ئىككى يىل ئاۋۋالقىدەك لەشكەرلەرنى مۇھىم قەلئە ،
قورغان ، ئۆتكەللەرگە بۆلۈپ ، مۆكتۈرمە تۇرۇپ ، ياۋغا ئارام

بەرمەي ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ، قايمۇقتۇرۇپ چېكىندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ ، دەشتى قىپچاقتىكى ئىتتىپاقداش قازاق سۇلتانى قاسىمخاندىن لەشكىري ياردەم تەلەپ قىلىپ بىرلىكتە جەڭ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى . ئەلۋەتتە بۇ مەزگىلدە ئۆزبېكلەرگە تەڭ كېلەلمەي يەنە كابۇلغا چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بابۇر شاھنىڭ ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتكۈدەك مادارى يوق ئىدى . سەئىدخان بۇ تەدبىرلەرنىڭ قايسىسىغا قوشۇلۇشنى بىلەلمەي باش قېتىمچىلىقتا قالغانىدى . ئۇ كېچەش باشلانغاندىن بېرى بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىلەن ئايازبېك قۇشچىغا قاراپ گېلىنى قىرىپ قويدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇ ئىككى پېشقەدەم سەركەردىنىڭ مەسلىھەتىنى خويمۇ ئاڭلىغۇسى بار ئىدى . ئەمما ، بۇ ئىككىسى گەپ قىلماسلىقتا ۋەدىلەشكەندەك ئۈن - تىۋىشسىز ئولتۇراتتى .

— مۆھتىرەم ئۇستازلارنىڭمۇ ئىككى كەلىمە مەسلىھەتنى ئاڭلاپ باقساق ، — دېدى سەئىدخان ئاخىر مۇراجىئەت قىلىپ .

سەئىدمۇھەممەد مىرزا بىلەن ئايازبېك قۇشچى بىر - بىرىگە قاراپ كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى .

— ئالىيلىرى ئىجازەت بەرگەنىكەن ، ئۇنداقتا ئايازبېك قۇشچى جانابلىرى بىلەن بىرلىككە كەلگەن مۇلاھىزەمنى دەپ باقاي . كۆڭۈللىرىگە مەنزۇر كەلمىسە ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا ، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ، — جانابىي ئەمىرلەر بايام خويمۇ دانا مەسلىھەت - تەدبىرلەرنى كۆرسەتتى . مەلۇمكى ،

ئۆزىنىمۇ ـ ئۆزگىنىمۇ بىلگەندىلا ، ئاندىن كۈچلۈك ياۋ ئۈستىدىن نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ . بۇ ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزبېكلەرنىڭ كۈچى بەكمۇ زورايدى . شۇ سەۋەبلىكمۇ بىر قىسىم چاغاتاي سۇلتانلىرى ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلەيدىغان بولۇپ قالدى . شول تاپتا بابۇر شاھ ئالىيلىرى بىزگە ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتمەن دېمەي ، ئۆز تەسەررۇپىنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالالىسا چوڭ گەپ . قازاق سۇلتانى قاسىمخان ئالىيلىرى گەرچە بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز بولسىمۇ ، ئەمما يېشى 70 تىن ئېشىپ قالدى . گەرچە ئوتتۇرىمىزدا ھەمدەمدە بولۇپ ياۋغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدىكى ئەھدۇ ـ پەيمان بولسىمۇ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە ئارتۇقچە دۈشمەن تېپىۋېلىشنى خالىمايدۇ . شول سەۋەبتىن ھەدېگەندە تېزدىن ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىشى ناتايىن . مانا مۇشۇ بىر قاتار ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئۈچۈن ئۇل رەزىل ئۆزبېك سۇلتانلىرى تەسەررۇپىمىزغا لەشكەر تارتىشقا پېتىنالىدى . بۇ ئەھۋالدا كۈچلۈك ياۋغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق ، زور خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان بولىمىز . بۇ خويمۇ بىمەنىلىكتۇر . ئەگەر لەشكىرىي كۈچىمىزنى ساقلاپ قالىمىز ھەمدە بىر جايدا مۇقىم ، مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز ، ياۋ قوشۇنى پەرغانە چېگرىسىغا بېسىپ كىرىشتىن ئاۋۋال ئەنجاننى تاشلاپ كەتكىنىمىز ئەۋزەل .

سەئىدمۇھەممەد سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كېلىشى ھامان بارلىق ئەمىرلەر ئەجەبلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى .

— ئېيتسىلا ، ئۇلۇسبېگى جانابلىرى ، ئۇنداقتا بىز ئەنجاننى تاشلاپ نەگە بېرىشىمىز مۇمكىن ؟ — دېدى

سەئىدخانمۇ ئەجەبلىنىشنى يوشۇرماي.

— ناۋادا بىز ئەنجاندىن ۋاز كەچسەك، بارىدىغان پەقەت ئىككىلا جاي بار، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا خاتىرجەملىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىرى شەرقىي موغۇلىستان، گەرچە بۇ بىپايان ھۇدۇدلۇقتا ئالىيلىرىنىڭمۇ ھەقىقى ـ نېسۋىسى بولسىمۇ، ھازىر ئاغىلىرى سۇلتان مەنسۇرخان ئالىيلىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئاغىلىرى بىلەن ئوتتۇرىلىرىدىكى نىزا ـ ئاداۋەتتىن خەۋىرىم بار. شول سەۋەبتىن ئالىيلىرىنىڭ خان ئاغىلىرىنىڭ ئالدىغا پاناھ تارتىپ بېرىشلىرى زىنھار مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىرى يەركەنت، قەشقەر، خوتەن ھۇدۇدلۇقى، گەرچە بو ئاۋات ـ مۇنبەت زېمىنغا بىر تۇغقان قېرىنداشىم بولمىش مىرزا ئابابەكرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئول دىيارمۇ ئالىيلىرىنىڭ ئاتا مىراس زېمىنىدۇر. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھالاكەت ئالدىدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش، رەزىل ئۆزبېك سۇلتانلىرى بىلەن جەڭ قىلىشقا قارىغاندا كۆپ پايدىلىقتۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە مىرزا ئابابەكرى ھازىر 60 ياشتىن ئاشتى. نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئەل ـ يۇرتقا سالمىغان زۇلۇمى قالماي ئەل ـ رەئىيەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. بىز لەشكەر تارتىپ بارساقلا، ئاۋام ـ رەئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر پايدىلىق شارائىت شولكى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېنىڭ بالا ۋاقتىمدىكى دوستلىرىمدۇر. ئۇلار چوقۇم مېنىڭ ئالىيلىرىنىڭ

خىزمىتىدە بولىۋاتقانلىقىمنى بىلسىلا ، چوقۇم مىرزا ئابابەكرىدىن يۈز ئۆرۈپ بىزگە ئەل بولىدۇ . بىز چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ ئاۋۋال قەشقەرنى قولىمىزغا ئېلىۋالساقلا ، مىرزا ئابابەكرىنى ئاسانلا مەغلۇپ قىلالايمىز . چۈنكى ، قەشقەرنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان . مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەپلىك ، ھۇجۇم قىلىشقا ئەپسىز . زېمىنى كەڭ ھەم مۇنبەت ، دېھقانچىلىققىمۇ ، چارۋىچىلىققىمۇ ئەپلىك . بۇ شەھەرنى قولغا چۈشۈرۈۋالساقلا ، ئالىيلىرىنىڭ مۇستەقىل سەلتەنەت تىكلىشىگىمۇ ئاساس بولۇپ قالاتتى . ئالىيلىرى بۇلارنى ئوبدان ئويلىنىپ قارار چىقارغايلا .

بۇ مۇلاھىزىلەرنى ئاڭلاپ سەئىدخاننىڭ كۆڭلىدىكى تۇمانلار بىردىنلا تاراپ كەتكەندەك بولدى . ئۇ ئۆزىمۇ پات ـ پاتلا مىرزا ئابابەكرىنى يوقىتىپ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ ، مۇستەقىل بىر خانلىق تىكلەشنى خىيال قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر ئەنجاندىن ۋاز كېچكۈسى كەلمەي بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدى . مانا ئەمدى پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ كۆرۈپ ئەنجاندىن قەتئىي ۋاز كېچىشنى قارار قىلدى .

— قېنى بۇ تەكلىپكە جانابىي ئەمىر ـ بەگلەر نېمە دەيدىكىن ؟ — دېدى سەئىدخان كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلاشقا ئالدىرىماي .

— شاھزادە ئالىيلىرىنىڭ ئەنجاندىن ۋاز كېچىشى دانالىقتۇر ، — دېدى ئاياز بېك قۇشچى سەئىدخاننى ئەنجاندىن كېتىشكە دەۋەت قىلىپ ، — ھەملە قىلىپ كېلىۋاتقان رەزىل ئۆزبېكلەرنى چېكىندۈرۈپ ، ئەنجاننى ساقلاپ قالدۇق دېگەندىمۇ ، ئالىيلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يەنىلا

يەركەنت، قەشقەر ھۇدۇدلۇقى ئارقىلىق مۇراد تاپقاي. بۇ ھۆكۈمگە قىل سىغماستۇر.

ئەمىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

— پەرمان، — دېدى سەئىدخان ئەمىرلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، — دەرھال تەييارلىق كۆرۈلگەي، ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىمىز.

شۇنداق قىلىپ سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئەمىر - سەركەردىلەر خوتۇن، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، بەش مىڭغا يېقىن ئاتلىق لەشكەر بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇلار توختىماي يول يۈرۈپ ئاتبېشىغا كەلگەندە، قوشۇننى يەنە تەرتىپكە سالدى. ئاتبېشى بىلەن قەشقەرنىڭ ئارىلىقى يەتتە كۈنلۈك يول ئىدى. سەئىدخان بۇ يەردە ئاياللار ۋە بالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا 500 نۆكەر بىلەن ئىككى سەركەردىنى قالدۇردى - دە، قالغان سەركەردە - لەشكەرلەر بىلەن تېز سۈرئەتتە يۈرۈش قىلىپ تويۇنبېشى[1] ئارقىلىق ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئارتىش[2] قا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ لەشكەر ۋە ئاتلارنى ھاردۇق ئالدۇرغاندىن كېيىن ئەتىسى بامدات نامازدىن كېيىن يولغا چىقىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ توختىدى.

— ئالىيلىرى ئىلگىرىلەۋېرەمدۇق ياكى قەشقەر

---

① ھازىرقى تورۇغات.
② ھازىرقى ئۈستۈن ئاتۇش.

شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە چارلىغۇچى ئەۋەتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا سەئىدخاندىن.

— چارلىغۇچىلار ئەھۋالنى بىلىپ كەلگەي، ئاڭغىچە بىز لەشكىرىي سەپنى قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرايلى.

سەئىد مۇھەممەد مىرزا بىر سەركەردە بىلەن 50 سەرۋازنى قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئە ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ماڭغۇزۇۋەتتى ـ دە، لەشكەرلەرنى يەزىك قوشۇن[1] بىرىنغار قوشۇن[2] ۋە جىرىنغار قوشۇن[3] دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىدى. تۇغبېگىگە تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ قوشۇننىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇشقا بۇيرۇدى.

ئۇزاق ئۆتمەي چارلىغۇچىلار قايتىپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، — دېدى چارلىغۇچى لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى، — قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۈسۈپبەگ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئوخشايدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدا قارارگاھ قۇرۇپ، نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

— ياۋ ھەقىقەتەن تەييارلىقسىز ئەمەسكەن، — دېدى سەئىدخان سالماقلىق بىلەن، — پەرمان، بارلىق سەركەردە ـ لەشكەرلەر ياۋ سېپىگە توختىماي باستۇرۇپ بېرىپ شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتكەي.

تۇمەن دەرياسىنىڭ بويى تۆت مىڭدىن ئارتۇق ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازىنىڭ دۈپۈرلىشىدىن لەرزىگە كەلدى. نەچچە

---

[1] ھۇجۇمچى.
[2] ئوڭقانات.
[3] سولقانات.

ئۇنلىغان تۇغچى لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەر كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئاجايىپ بىر سۈر ـ ھەيۋە پەيدا قىلغانىدى . ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغانىدى .

سۈر ـ ھەيۋە بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قوشۇننى يىراقتىن كۆرۈپ ، بىزنىڭ مۇداپىئە سېپىمىزنى كۆرسە بىرەر چاقىرىم ئارىلىق قالدۇرۇپ ، توختاپ جەڭ سېپى تۈزىدۇ ، دەپ ئويلىغان قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۈسۈپبەگ ئېگەرلەپ تەخ قىلىپ قويۇلغان ئېتىغا مىنىشكىمۇ ئېرەڭشىپ بەخىرامان قاراپ تۇراتتى . ئۇ سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ توختىماي ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ئارىلىقنىڭ بارغانسېرى قىسقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ھودۇقتى .

— سەركەردىلەرگە پەرمان ، جەڭگە ھازىرلىنىڭلار ، — دېدى ئۇ ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ .

قەشقەر لەشكەرلىرى خۇددى سەركەردىسىگە ئوخشاشلا تەمتىرەپ قالغانىدى . شۇڭلاشقا ، جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ ساراسىمىگە چۈشتى .

سەئىدخانىنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قىر ـ چاپ سادالىرى بىلەن نەرە تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . شىددەتلىك جەڭ ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشمىدى . ئارتۇقچە كۈچ ئېلىشالمايدىغانلىقىنى پەملىگەن قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۈسۈپبەگ لەشكەرلىرىگە چېكىنىش پەرمانىنى بەردى ـ دە ، ئامان قالغان ئۈچ مىڭدەك لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ، شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى . ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ كەلگەن سەئىدخان لەشكەرلىرىنى سېپىل ئۈستىدىكى

لەشكەرلەرنى ئوقيا ، مەنچاناقلاردىن ئوق ، تاش ياغدۇرۇپ چېكىندۈردى .

بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال ئەنجاندا سەئىدخاندىن قاتتىق يېڭىلگەن مىرزا ئابابەكرى قەشقەر شەھىرىنىڭ سېپىلىنى قايتىدىن مۇستەھكەملىگەنىدى . ئېگىزلىكى 20 گەز[1] كېلىدىغان ھەيۋەتلىك سېپىلنىڭ ئۇستىدە تۆت ئاتلىق لەشكەر ئۇياقتىن - بۇياققا بىمالال ماڭالايتتى . ئوزۇق - تۈلۈكى تەل ، مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولسىلا ، 30 - 40 مىڭ لەشكەر بىلەنمۇ قەشقەر شەھىرىنى ئالماق تەس ئىدى .

ئوزۇق - تۈلۈكنى يەتكۈچە جۇغلىۋالغان ئەمىر مىرزا يۈسۈپبەگ مىرزا ئابابەكرىگە ياۋ ئەھۋالىدىن مەلۇمات يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياركەنت شەھىرىگە چاپارمەن ماڭغۇزۇۋېتىپ ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى .

ھەپتىدىن بېرى ھەر ئاماللارنى ئىشلىتىپمۇ قەشقەر ئەمىرىنى جەڭگە چىقىرالمىغان سەئىدخان جىلى بولۇپ قالغانىدى . لەشكەرلەر شەھەرگە بىر نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، مۇستەھكەم سېپىل ئۇستىدىن يامغۇردەك ياغدۇرۇلغان ئوق ، تاش ، كۆتەكلەرنىڭ زەربىسىدىن كۆپ تالاپەتكە ئۇچرىدى .

بۈگۈن بارگاھى ئالدىدا ئۆزى يالغۇز شاراب ئىچىپ ئولتۇرغان سەئىدخان سەئىدمۇھەممەد مىرزىنىڭ كۆرۈپ ، يېنىدىن جاي كۆرسەتتى .

— كەلسىلە ئۇلۇسبېگى ، شاراب ئىچسىلە .

---

[1] بىر گەز 66 - 67 سانتىمېتىرغا تەڭ .

سەئىدمۇھەممەد مىرزا مەھرەم يىگىت قۇيۇپ بەرگەن كۇمۇش قەدەھتىكى شارابنى قولىغا ئالدى - دە، ئىچىشكە ئالدىرىمىدى.

— قەشقەر شەھىرىنىڭ مۇداپىئەسىنىڭ بۇنچە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۇرمىگەن ئىكەنمەن، — دېدى سەئىدخان ھەسرەتلەنگەن ھالدا، — شۇنچە ھەشەم تارتىپ كېلىپ مۇناپىق مىرزا ئابابەكرىنىڭ موينىمۇ تەۋرىتەلمەيۋاتىمىز.

— زىنھار ئۈمىدسىزلەنمىگەيلا ئالىيلىرى، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا تەسەللى بېرىپ، — ھۇزۇرلىرىغا مۇنداق بىر مۇددىئا بىلەن كىرگەنىدىم.

— قېنى خوش، — دېدى سەئىدخان.

— قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۇسۇپبەگ شەھەر سېپىلىنىڭ مۇستەھكەم، مۇداپىئەسىنىڭ چىڭلىقىغا ئىشىنىپ، ياركەنتتىن كېلىدىغان ھەمدەمچى لەشكەرلەرنىڭ يولىغا قاراپ، قەستەنگە جەڭگە چىقمايۋاتىدۇ. بۇ يەردە قۇرۇقتىن - قۇرۇق ساقلاپ يېتىۋەرسەك، ناۋادا ياركەنتتىن ھەمدەمچى لەشكەرلەر كېلىپ قالسا جەڭ قىلمىقىمىز تەسكە چۈشىدۇ، شۇڭلاشقا دەرھال لەشكەرلىرىمىزنى يېڭىسارغا ئاتلاندۇرۇپ، يېڭىسارنى ئالايلى. يېڭىسار قەلئەسى ياركەنت بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى مۇھىم ئۆتكەل. ناۋادا يېڭىسار قەلئەسىنى ئالالىساق، قەشقەر بىلەن ياركەنتنى ئالمىقىمىز ئاسان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياركەنت قەشقەرگە ھەمدەمگە كېلىدىغان لەشكەرلەرنىڭ يولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالايمىز.

بۇ تەدبىرنى ئاڭلاپ سەئىدخان بىرئاز ئۈمىدلەندى.

— شۇنداق قىلمايمۇ چارە يوقتەك قىلىدۇ. قاچان يولغا

چىقساق بولۇر ؟

— كىچىككىنە بولسىمۇ ، — دېدى سەئىد مۇھەممەد مىرزا ، — مىرزا يۇسۇپبەگنىڭ ھەمدەمچى لەشكەر تەلەپ قىلىپ ماڭغۇزغان چاپارمىنى ئاللىقاچان ياركەنتكە يېتىپ بولدى . شۇڭلاشقا ، ھەمدەمچى لەشكەرلەر كېلىپ بولغۇچە يېڭىسارغا يېتىپ بولۇشىمىز كېرەك . ھازىرلا يولغا چىققىنىمىز ئەۋزەل .

شۇنداق قىلىپ سەئىدخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى قەشقەر شەھىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ، يېڭىسارغا قاراپ يولغا چىقتى .

يېڭىسار قەلئەسىنىڭ مۇداپىئەسىمۇ قەشقەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى . سەئىدخاننىڭ زور قوشۇن بىلەن قەشقەرگە تېگىش قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان يېڭىسار ئەمىرى مىرزا ئىمىن بەگ قەلئە سېپىلىنىڭ مۇداپىئەسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنىدى . ئۇ سەئىدخان لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى . سەئىدخان لەشكەرلىرى ئېگىزلىكى 20 گەز كېلىدىغان شوتىدىن 100 نى ياسىتىپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن سېپىل ئۈستىگە چىقىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى . شۇنداقتىمۇ سەئىدخان يېڭىسار قەلئەسىنى ئۇزۇنكىنىڭ كۆزىدەك قاتمۇ قات قورشىۋالدى . بۇ ئارىدا مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن كېلىپ سەئىدخان لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى . بۇ ئەھۋال سەئىدخاننىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى . سەئىدمۇھەممەد ئابابەكرىنىڭ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىر قانچىسى يەكەن ۋە ئەتراپتىكى يۇرتلارغا

ئەۋەتتى. بۇنىڭ ئۇنۇمى ناھايىتى چوڭ بولدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ھەمدەمگە ئەۋەتكەن لەشكەرلىرىدىن قىرغىز سەركەردىسى مۇھەممەدبەگ مىڭغا يېقىن قىرغىز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئۇرۇشمايلا ئەل بولدى. قالغان لەشكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەل بولدى. يەنە بىر قىسمى يەكەنگە چېكىنىپ كەتتى.

شوتا بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يېڭىسار قەلئە سېپىلىگە چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان سەئىد مۇھەممەد مىرزا لەخمە كولاپ، سېپىلنىڭ تېگىدىن پارتلىتىپ ھۇجۇم قىلىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لەشكەرلەر بىر تەرەپتىن پارتلاتقۇچ ياسىسا، بىر تەرەپتىن لەخمە كولاشقا كىرىشتى.

بەش كېچە - كۈندۈز ۋاقىت سەرپ قىلىپ كولانغان لەخمىنىڭ ئۇچى ئاخىر سېپىلنىڭ ئاستىغا تۇتاشتۇرۇلدى. پارتلاتقۇچلار سېپىلنىڭ ئاستىغا قويۇلغاندىن كېيىن پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرۇلدى، پارتلاشتىن چىققان ھەيۋەتلىك گۈمبۈرلەش ساداسى پۈتكۈل يېڭىسار قەلئەسىنى يەر تەۋرەتكەندەك تىترەتتى، قەلئە سېپىلى 10 نەچچە گەز كەڭلىكتە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. قەشقەر دىيارىغا قەدەم باسقاندىن بېرى پۇخادىن چىققۇدەك جەڭ قىلىپ باقمىغان سەئىدخان لەشكەرلىرى سېپىلنىڭ ئۆرۈلگەن جايىدىن يېڭىسار قەلئەسىگە قاراپ يولۋاستەك ئېتىلدى. ئىككى ئاش پىشىمغا يېقىن شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن يېڭىسار قەلئەسى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلدى. سەئىدخاننىڭ سەركەردىلىرى مىرزا ئىمىن بەگ قاتارلىق يېڭىسار سەركەردىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى كېسىۋالغانىدى.

يېڭىسار قەلئەسىگە كىرىپ جايلاشقان سەئىدخان

قەلئەدە تەرتىپ تۇرغۇزۇپ، لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سالدى ۋە ئۈچ كۈن ھاردۇق ئېلىشقا ئىجازەت بەردى.

يېڭىسار قەلئەسىنى ئېلىشتا سەئىدخان بىلەن يانمۇ-يان تۇرۇپ جەڭ قىلغان مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى كېيىنكى كۈنلەردە يازغان شاھانە ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» گە، بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ تەپسىلاتىنى خاتىرىلەپ كېلىپ «... يېڭىسار قەلئەسىنىڭ ئېلىنغانلىقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەشقەر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشىنىڭ ئاچقۇچى بولدى» دەپ يازدى.

يېڭىسار قەلئەسى ئېلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە سەئىدخان سەئىدمۇھەممەد مىرزا، ئايازبېك قۇشچى، مىرزا ھەيدەر كۆرەگانى قاتارلىق ئەمىر-سەركەردىلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇراتتى. سارايغا ھودەيچى بەگ كىرىپ سالام بەردى.

— مەلۇم بولغاي، مىرزا يۈسۈپ بەگ قاتارلىق ئەمىرلەر قەشقەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ...

كۈتۈلمىگەن بۇ خەۋەردىن سەئىد خاننىڭ چىرايىنى ھەم خۇشاللىق ھەم تەئەججۈپ چىرمىۋالدى. خەۋەر ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك ئىدى. يېڭىسارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان مىرزا يۈسۈپ بەگ ياركەنتتىن كېلىدىغان ياردەمدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ جان قايغۇسىغا چۈشۈپ قالغان ۋە خەزىنىدىكى مال-دۇنيانى ئېلىپ، قەشقەرنى بىر قېتىم بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن نەگىدۇر قېچىپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن قەشقەردىكى بىر قىسىم يۇرت چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، سەئىدخانغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاپارمەن ماڭغۇزغانىدى.

سەئىدخان قەشقەرنى ساقلاشقا ئىككى سەركەردىسى بىلەن مىڭ نەپەر لەشكىرىنى يولغا سالدى ـ دە، قالغان سەركەردە ـ لەشكەرلىرى بىلەن دەرھال ياركەنتكە ئاتلاندى.

## — 12 —

شۇ كۈنلەردە قەدىمىي شەھەر ياركەنتنى ۋەھىمە قاپلىغانىدى. شەھەر كوچىلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە ھاجەتمەن، يايمىچىلاردىن باشقا بارلىق دۇكان ـ سارايلار تاقالغان، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئىش توختاتقان، ئاۋات شەھەر كوچىلىرى چۆلدەرەپ قالغانىدى.

ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلاردىن ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن مەجبۇرىي لەشكەرلىككە تۇتۇپ كەلگەن 60 مىڭغا يېقىن لەشكەرلەرنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان مىرزا ئابابەكرىنىڭ چىرايى تۇرۇك، تولىمۇ روھسىز ئىدى. ئادەتتە بويى ناھايىتىمۇ ئېگىز، بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەم شۇ تاپتا قورۇلۇپ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرى لەشكەرلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىۋاتاتتى. دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ لەشكەرلەر ئەڭ ئاددىي لەشكىرىي ئىلىملەردىنمۇ بىخەۋەر بولغاچقا، سەپ تۈزۈشلىرى رەتسىز، ھەرىكەتلىرى كالاڭپاي ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئات مىنىشنىمۇ تۈزۈك بىلمەيتتى. ئات سەل ـ پەللا ھۈركۈپ كەتسە يىقىلىپ چۈشەتتى. ئاتقان ئوقلىرى نىشانغا ئازراقمۇ يېقىنلاشمايتتى. ساندا بار ـ ساپادا يوق بۇ

لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغان مىرزا ئابابەكرىنىڭ ۋۇجۇدىنى چەكسىز ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋالدى .

«ئاھ تەڭرىم ، مېنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن كۈنلىرىم ئاخىرلاشقان ئوخشايدۇ . بۇنداق لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىش تۇگۇل ، ئوتياش يۇلغىلىمۇ بولمايدۇ . ھەرقانچە گۇناھىم بولسىمۇ ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن… »

پايپاسلاپ كەلگىنىچە ئىككى پۇكلەنگەن ھۆدەيچى بەگ مىرزا ئابابەكرىنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈۋەتتى :

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي . يېڭىسار قەلئەسى قولدىن كېتىپتۇ . قەشقەر ئەمىرى مىرزا يۇسۇپبەگ شەھەرنى تاشلاپ قېچىپتۇ . سەئىدخان تۇمەن كىشىلىك ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن ياركەنتكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ…

مىرزا ئابابەكرى ھۆدەيچى بەگنىڭ مەلۇماتىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقىمۇ تاقەت قىلالماي ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئوردا تەرەپكە بۇرىدى ـ دە ، ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئاچچىق قامچا سالدى . ئەزەلدىن بۇنداق قامچا يەپ باقمىغان ئات ئالدىغا قاراپ ئوقتەك چاپتى . ئۇنىڭ كەينىدىن 500 نەپەر خاس نۆكىرىمۇ ئات سالدى .

ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن ياركەنت شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدىن چوڭ بىر كارۋان چىقىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل خوتەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى . باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ مىڭغا يېقىن نۆكەرنىڭ قورۇقچىلىقىدا 900 خېچىرغا ئارتىلغان ئېرىق مالدىنلا بۇ كارۋاننىڭ قانچىلىك كاتتىلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى . ياركەنت شەھىرىنىڭ پۈتكۈل بايلىقىنى كۆچۈرۈپ ماڭغان بۇ

كارۋان بېشى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ياركەنتنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى زالىم مىرزا ئابابەكرى ئىدى.

ئەسلىدە سەئىدخانغا ئەمدى تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن مىرزا ئابابەكرى تەختكە ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش ۋە قىممەت باھالىق ماللارنى ئېلىپ قاچقانىدى.

ئەپسۇس، جاھانگىر مىرزا دادىسىنىڭ خانلىق تەختىدە ئاران بەش كۈنلا ئولتۇرالىدى. ئۇ يېقىسنلاپ قالغان سەئىدخان لەشكەرلىرىنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، خەزىنىدىكى دادىسىدىن ئېشىپ قالغان ماللارنى پاك - پاكىز يۇغۇشتۇرۇپ، شەھەرنى بىر قېتىم بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئۆزىگە ئەگەشكەن ئازغىنا ئەمىر - لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى.

خوتەنگە قېچىپ كېلىۋاتقان مىرزا ئابابەكرى سەئىدخاننىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرىنىڭ خوتەنگەن قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قاراڭغۇ تاغقا قېچىپ كىرىۋالدى. قاراڭغۇ تاغنىڭ يوللىرى ئەگرى - توقاي ۋە خەتەرلىك ئىدى. مىرزا ئابابەكرى 900 خېچىردىكى مال - دۇنيالىرىنى خەتەرلىك تاغ يولىدا ئېلىپ مېڭىشقا كۆزى يەتمەي ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى - دە، لاداخقا قاراپ قاچتى. ئەمما، بۇ جايلاردا قاچقۇنلۇقتا جان ساقلاشقا كۆزى يەتمەي، سەئىدخانغا تەسلىم بولۇش ئارقىلىق گۇناھىنى تىلەپ ھايات قالماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ بۇ شېرىن چۈشىنى ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن سەئىدخان لەشكەرلىرى بىتچىت قىلىپ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

شۇنداق قىلىپ مىڭلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى

رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ ، تۇمەنلىگەن كىشىلەرنى خانۇ ۋەيران قىلغان بۇ زالىم ھۆكۈمران ھاياتىنى ئەنە شۇنداق قەدىرسىز ئاخىرلاشتۇردى .

مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئوغلى جاھانگىر مىرزىنى سەركەردىلەر كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ سانجۇ[1] دىن تۇتۇپ ئەپكەلدى . جاھانگىر مىرزىنىڭ قولىدا سەئىدخاننىڭ ئاچىسى بار ئىدى . سەئىدخان ئاچىسىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچتى .

مىلادىيە 1514 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەئىدخان موغۇل خانلىرىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ خان بولغانلىقىنى جاكارلاپ ، ياركەنت ، قەشقەر ، خوتەندىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا خانلىق سەلتەنىتىنى تىكلەپ ، ياركەنتنى پايتەخت قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى . خانلىق سەلتەنىتىنىڭ نامىنى ئۆز ئىسمى بىلەن سەئىدىيە خانلىقى دەپ ئاتىدى .

① ھازىرقى گۇما ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى .

# خاتىمە

ئۆزىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى، ئەقىل - پاراسىتى، قەلەم ۋە ئەلەمدىكى تەڭداشسىز ماھارىتى بىلەن ئەڭ جاپالىق شارائىتتىمۇ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، بالا چاغلىرىدىن تارتىپ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بۇ بۈيۈك ھەربىي سەركەردە — يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، كۆپلىگەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە خانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. زالىم پادىشاھ مىرزا ئابابەكرىنىڭ زۇلۇمىدا نامراتلىشىپ كەتكەن خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن پۇقرالاردىن 10 يىلغىچە باج - سېلىق، ئالۋان - ياساق ئالماسلىقنى جاكارلىدى. مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا سەرگەردان بولۇپ، ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەنلەرنى ئۆز يۇرت - ماكانىغا قايتىپ كېلىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپ، ۋەيران بولغان ئېكىنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ئاساس ئارقىلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىدا گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

سەئىدخان ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. بىرىنچە قېتىم

غەلىبىلىك ھەربىي يۈرۈشلەرنى قىلىپ ، خەلقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا پامىر ئېگىزلىكى ، بەدەخشان ، كۇچارنىڭ غەربى ، قاراقۇرۇم ، تالاس ، نارىن دەريا بويلىرى ، ئىسسىق كۆل ۋە پەرغانە ئويمانلىقى ، كەشمىر قاتارلىق جايلارنى ھۆكۈمرانلىق ئاستىغا ئالدى . يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشايدىغان قازاق قەبىلىلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا بېقىندى . تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ مىلادىيە 1516 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئاكىسى سۇلتان مەنسۇرخان بىلەن ياراشتى . مەنسۇرخان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىگە رەسمىي ئۆتتى . شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن تېررىتورىيىسى تېخىمۇ كېڭەيدى . تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك بارلىققا كەلدى .

تارىخچىلار ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن بۈيۈك دۆلەت ئەربابى ، ھەربىي سەركەردە ۋە شائىر دەپ تەرىپلەنگەن سۇلتان سەئىدخان مىلادىيە 1533 ـ يىلى يازدا تىبەتكە قىلغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە ، تاغدا تۇتەك ئەپكېتىپ ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي قازا قىلدى . ئۇنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان چوڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكىنى قوغدىدى ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى . ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەپ ، مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنى ، كۇتۇپخانىلارنى بىنا قىلىپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى .

سۇلتان ئابدۇرەشىدخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان سەئىدىيە

خانلىقىنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئىنتايىن جانلانغان بىر مەزگىل بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتى گۈللەنگەن يەنە بىر «ئالتۇن دەۋر» سۈپىتىدە تارىخ بېتىدىن شۆھرەتلىك ئورۇن ئالدى . ياركەنت ، قەشقەر شەھەرلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلاندى .

2002 ـ يىل 19 ـ ئىيۇن ، يەركەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: زىلەيخا ئەزىز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 2
(2)
ئادالەت ساھىبى ــــ سەئىدخان

ياسىنجان سادىق چوغلان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1029×787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 4.375
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5000 — 1
ISBN 7—228—08009—2
ئومۇمىي باھاسى (1—5) : 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)